# ئىسلامى رومانتىكالىق

الرومانسية في السلام باللغة الأويغورية

**ئابدۇكېرەم شەيها نىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان**

د. عبد الرحمن بن عبد الكريم الشيحة

تەرجىمىسى

**ياۋروپا ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

المركز الأوروبي للدراسات الإسلامية

www.islamland.com



ISLAM LAND
GROW GOODNESS BY YOUR HAND
EXPLORE ISLAM IN ALL LANGUAGES
You Tube
WWW.ISLAMLAND.COM

# ئىسلامى رومانتىكالىلىق

ئىسلامدىكى كىشىنىڭ ئايالىغا بولغان مۇھەببىتى توغرىسىدا گەپ بولغىنىدا گەپنىڭ ئاساسى تېمىسى چوقۇم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن جىمى جاھان ئەھلىگە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئۆگىتىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئۈلگە قىلىشى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. شۇڭلاشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئەگىشىشى ۋە ئىقتىدا قىلىشى ۋاجىپ بولغان يولباشچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«سىلەرگە ـ اللە نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللە نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[1].

دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەلگىلىگەن شەرىئەت ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى يەتكۈزگۈچىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش – ھەرىكەتلىرى، گەپ – سۆزلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسىدۇر، شۇڭا ئۇ مۇسۇلمانلاردىن مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، خۇسۇسى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ھېچقايسىنى يوشۇرماستىن ئۇلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى، كېيىن بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، ئەۋلاتمۇ – ئەۋلات ئۆگىنىلدى ۋە مىراس قالدۇرۇلدى، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرىشىگە مۇيەسسەر قىلىدىغان يوللارنى تونىدى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد ! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر اللەنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[2].

ئىسلامنىڭ ئاساسى كىشىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەنگە بويسۇندۇرىدىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجا كەلتۈرگۈزۈپ، چەكلىگەنلىرىدىن ياندۇرىدىغان مۇھەببەتتۇر. كىشى بۇ مۇھەببەتنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن زاتنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلىرىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداپ ئۇ زاتقا

(1) ئەھزاب سۈرىسى: ٢٠ – ئايەت.
(2) ئال ئىمران سۈرىسى ٣١ – ئايەت.

يېقىنچىلىق ئىزدەيدۇ. ھەقىقەتەن بۇ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ۋە شەرەپلىكراقى ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتتۇر، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت مۇسۇلماننى شەخسىيەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدۇ، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمان ئۆز پايدا – مەنپەئەتىنىلا كۆزلەش ئۈستىگە قۇرۇلغان شەخسىيەتچىلىكتىن خوشلىشىپ، كىشىلەرگە ئۇلاردىن ھېچقانداق جاۋاپ تەمە قىلماستىن ياخشىلىق، رەھىمدىللىك قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى بولسا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش بولۇپ، كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆز جېنى، مېلى ۋە بالا – چاقىلىرىدىن بەكراق ياخشى كۆرمىگىچىلىك ھەقىقى مۆمىن بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ ھېدايىتىگە سەۋەپكاردۇر، ئىنساننى ئاللاھنىڭ يوللىرىغا باشلىغۇچىدۇر، ئىنسانلارغا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ئۇلاشتۇرۇپ، دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى يەتكۈزگۈچىدۇر، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇنداق بۈيۈك ياخشى كۆرۈشكە ھەقلىقدۇر، لېكىن يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى، قۇلى ۋە ئاللاھقا بويسۇنىشى لازىم بولغان زاتتۇر، ئۇنى ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ماقاملاردىن ئارتۇقچە ماقاملارغا كۆتۈرۈش توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرۈدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمر (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ»[٣].

كىمكى ئىسلام دىنىنى كىشىگە ئېغىر ۋە قاتتىق بىر دىن دەپ ئويلىسا خاتالاشقان بولىدۇ، توغرىسى: ئىسلام دىنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنساننىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى چوڭ – كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە توغرا يول كۆرسىتىپ، ھەر بىر ئىشنى مۇناسىپ ئورنىغا قويغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى پەقەت ئېتىقات، ئەھكام ۋە ئەخلاق دىنى بولۇپلا

(١) تەۋبە سۈرىسى ٢٤ – ئايەت.

قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئىسلامىي چۈشەنچىدىكى مۇھەببەت دىنىدۇر، بۇ مۇھەببەت ھەممىگە ئورتاق بولۇپ، كىشىنى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان پۈتكۈل كائىناتقا مۇھەببەت، رەھىمدىللىك، كۆيۈمچانلىق، خەير – ئېھسان، مەدەنىيلىك ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەيدۇ، شۇڭا ئۇ پەقەت ئەر – ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى كۆرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ۋە ياكى ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەنلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، يامان كۆرىدىغانلارغا ناچار مۇئامىلە قىلىشمۇ ئەمەس، شۇڭلاشقا بىز بۇ رىسالىمىزدە ئىسلامى مۇھەببەت چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇسۇلماننىڭ پۈتكۈل كائىنات بىلەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقى سۈپەتلىرىدىن بەزىلىرىنى مېسال كەلتۈردۇق.

**ئابدۇكېرەم شەيھا نىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان**

**[www.islamland.com](http://www.islamland.com)**

**[info@islamland.com](mailto:info@islamland.com)**

# مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى

مۇسۇلمان دېگەن كىشىلەر ئۆز ماللىرى، جانلىرى ۋە ئىززەت-ئابرويىنى ئىشىنىپ تۇرۇپ تاپشۇرالىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە مۆئمىندىن خەۋەر بەرمەيمۇ، مۆئمىن دېگەن كىشىلەر ئۆز ماللىرى ۋە جانلىرىنى تولۇق ئىشىنىپ تاپشۇرالىغان كىشىدۇر، مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىنىڭ يامانلىقىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر»[٤].

مۇسۇلماننىڭ ياخشىلىقى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇ باشقىلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلاردىن ھېچ نەرسە تەمە قىلماستىن ياخشىلىق قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھارامدىن ساقلان، كىشىلەرنىڭ ئابىدراقى بولىسەن، ئاللاھ ساڭا تەقسىم قىلغانغا رازى بولساڭ كىشىلەرنىڭ بايراقى بولىسەن، خوشناڭغا ياخشىلىق قىلساڭ مۆئمىن، ئەمىن بولىسەن، ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى باشقا كىشىلەرگىمۇ ياخشى كۆرسەڭ، مۇسۇلمان بولىسەن»[٥].

مۇسۇلمان ئۆز نەپسى ۋە جەمىيەتكە ۋە ھەتتا ئۆز دۈشمىنىگىمۇ ئادىل بولىدۇ. كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن جازالىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن ئۆزىگە ئازار بەرگەن، ئۆزىنى مەككىدىن چىقىرىۋەتكەن ۋە چىقىرىۋېتىشكە ياردەم بەرگەن قەۋملەرگە بىرەر قوشۇن ئەۋەتسە، شۇ قوشۇننى ئايرىم بىر جايغا يىغىپ، قوشۇننىڭ قوماندانىغا ئاللاھتىن قورقۇشقا ۋە قول ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا نەسىھەت قىلاتتى، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھنىڭ يولىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن غازات قىل، ئاللاھقا كاپىر بولغان، تانغان دىنسىزنى ئۆلتۈرگىن. غازات قىل، ئولجا-غەنىيمەتكە خىيانەت قىلما. ئەھدە، توختام ۋە كېلىشىمنى بۇزما،

---

(١) ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان، سەھىھ.

(٢) ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

ئۆلتۈرگەندە كۆز ۋە قۇلاقلارنى كېسىپ قىينىما، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمە»[٦].

مۇسۇلمان ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەتنى ۋە تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسىنى قوغدايدۇ، ھايۋانلارغا ئازار بېرىشكە رازى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزى داغلانغان بىر ئېشەكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە مېنىڭ ھايۋانلارنىڭ يۈزىنى داغلىغان ۋە ھايۋانلارنىڭ يۈزىگە ئۇرغانلارغا لەنەت ئېيتقانلىقىم يەتمىدىمۇ؟»[٧]. مۇسۇلمان ھايۋانلارغا مۇلايىم ۋە رەھىمدىل بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنى مۈشۈككە يېقىنلاشتۇرۇپ، يانتۇ قىلىپ بىرەتتى، ئاندىن مۈشۈك ئۇ قاچىدىكى سۇنى ئىچەتتى»[٨].

مۇسۇلمان تەبىئەتتىكى جانلىقلارنى قوغدايدۇ، ئۇلارنى قورقۇتمايدۇ، ھېچبىر سەۋەپ - مەنپەئەتسىز ئۇۋلاپ ئۆلتۈرمەيدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە بىللە بولغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى راۋا قىلغىلى كەتتى، بىز بىر قۇشنىڭ ئىككى بالىسى بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بالىلىرىنى ئېلىۋالدۇق. ئۇ قۇش قېشىمىزغا كېلىپ قاناتلىرىنى قاققىلى تۇردى، شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلدى، ۋە ئۇ قۇشنى كۆرۈپ: «كىم بۇنىڭ بالىسىنى ئېلىۋالدى؟ ئۇنىڭ بالىسىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار» دېدى. ۋە يەنە بىر چۈمۈلە ئۇۋىسىدىكى ئوتنى كۆرۈپ: «بۇ ئوتنى كىم ياقتى؟» دەپ سورىدى، بىز «بىز» دەپ جاۋاپ بەردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئوت بىلەن پەقەت ئوتنىڭ رەببىلا جازالاشقا لايىقتۇر» دېدى[٩].

مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ ماكانلىرىنى بۇزمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئارامگاھلىرىغا ئەخلەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى تاشلىمايدۇ. ۋە باشقا قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

---

(٣) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(١) ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
(2) رىۋايەت قىلغان، سەھىھۇلجامىئتا بار.
(٣) ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

«كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا ۋە سايىدايدىغان جايغا تەرەت قىلىشتەك لەنەتكە لايىق ئىشتىن ھەزەر ئەيلەڭلار».

مۇسۇلمان يۇقىرىقىدەك ئىشلاردىن ساقلىنىپلا قالماستىن، يولدىكى كىشىلەرگە ئەزىيەتكە سەۋەپ بولىدىغان نەرسىلەرنى يوقىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يولدىكى ئەزىيەتنى يوقىتىش سەدىقىدۇر».

مۇسۇلمان تەبىئەتكە، ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان نەرسىلەرنى قوغدايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېۋە بېرىپ تۇرغان دەرەخنى كەسمىگىن، ھاجىتىڭ يوق تۇرۇپ جاندارلارنى ئۆلتۈرمىگىن، مۆئمىنگە ئازار يەتكۈزۈشتىن ھەزەر ئەيلىگىن»[1].

مۇسۇلمان كۆچەت تىكىش، يېشىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش تەشەببۇسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تەبىئەتنى قوغداشقا چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر قىيامەت بېرىسىڭلار قولىدا بىر تۈپ كۆچەتنى تۇتقان ھالدا كېلىپ قالسا، ئۇنى تىكىۋېتىشكە ئۈلگۈرسە تىكىۋەتسۇن»[2].

مۇسۇلمان كىشىلەر پايدىلىنىدىغان سۇنى بۇلغاپ مەينەت قىلىۋەتمەيدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختام سۇغا كىچىك تەرەت قىلىشتىن توسقان». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار ئۈچ نەرسىدە شېرىكتۇر: ئوت-چۆپ، سۇ ۋە ئوتتا»[3]. شۇڭا مۇسۇلمان تېجەشلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، سۇ مەنبەسىنى قوغدايدۇ، سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشىلاپ ئىنسانلار، ھايۋانلار ۋە ئۆت-چۆپلەرنىڭ سۇدىن پايدىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، سۇدىن ئۇنۇملۈك پايدىلىنىپ ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىدنىڭ قېشىدىن ئۇ تاھارەت ئېلىۋاتقاندا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا: «سۇنى نېمانداق ئىسراپ قىلىۋەتتىڭ؟» دېدى، سەئىد: «ئى رەسۇلۇللاھ، تاھارەت ئېلىشتىمۇ ئىسراپ

---

(1) ئەبۇ داۋۇد «مەراسىل» دا، سەئىد ئىبنى مەنسۇر «سۇنەن» كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.
(٢) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(٣) ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

قىلىش بۇلامدۇ؟» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلۋەتتە، ئىۋىن دەريا قىرغىقىدا بولساڭمۇ سۇنى ئىسراپ قىلما!» دېدى[١٣].

بىز مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن ھەر تەرەپلىمە، مۇكەممەل ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بىز ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزگە تەدبىقلىشىمىز لازىم بولغان نەزەرىيە ۋە ھەر بىر مۇسۇلمان ئىتىقاد قىلىشى لازىم بولغان ئەقىدىمىزدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر اللە نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. اللە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر»[١٤].

---

(٤) ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
(١) ئال ئىمران سۈرىسى: ٣١ – ئايەت.

# مانا بۇ ئىسلام

مانا بۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ياخشى كۆرۈشنى ئاللاھقا بويسۇنۇش سانايدىغان ئىسلام دىنىدۇر. ئىنسان ئۆز بەدىنى ۋە ھاياتلىقى ئۈچۈن تاماق يەپ، سۇ ئىچكىنىگە ئوخشاش، روھىي ھاياتلىقى ئۈچۈن كىشىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ۋە روھانىيىتىنى بېيىتىپ، شەھۋانىي-ھاۋايى ھەۋەسلىرىدىن يىراق تۇرغۇزىدىغان ئىسلام دىنى بىلەن ھايات يولىنى تۇتىشى كېرەك. بىز بۇ كىچىك كىتاپچىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھىي ھاياتىدىكى مۇھىم بىر نوقتا، يەنى ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە مۇھەببەتنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى پۈتۈن ئالەمنى، بولۇپمۇ ئاياللارنى ئىسلامنىڭ رەھمەت نۇرىغا چۆمدۈردى، ئاياللارنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا ئىھتىرام قىلىشنى ۋاجىپ قىلىپ، ئۇلاردىن زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋەتتى. جاھىلىيەتتە ئاياللار ناھايىتى ئېتىبارسىز ياشايتتى. مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھالەتنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز جاھىلىيەتتە ئاياللارنى ھېچ نەرسە قاتارىدا كۆرمەيتتۇق، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلار ھەققىدە ئايەتلەرنى چۈشۈرۈپ، بەزى ھوقۇقلارنى بېكىتىپ بەردى»[١٥]. ئىسلام دىنى كەلگەندە ئاياللار توغرىسىدا ئوچۇق كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ، ئەرلەرنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ۋە ئەخلاقى كامالىتىنىڭ ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئاياللىرىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر»[١٦].

شۇنىڭ بىلەن ئايال كىشى ئىسلام دىنىنىڭ شارائىتىدە باشقا ھەرقانداق جەمئىيەتتىكى نە ئاياللار، نە ئەرلەر ئېرىشەلمەيدىغان بىر بۈيۈك مەرتىۋە ۋە مەنزىلگە چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى ئىنسانلىق پىترىتى بىلەن ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا بۇ دۇنيالىقتا ئاياللار (يەنى ئايالى) بىلەن خۇش پۇراق ئەتىرلەر ياخشى كۆرسىتىلدى.

(٢) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
(٣) ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، خۇرسەن بولۇپ خۇشال بولىشى نامازدىن ئىبارەت بولدى»[١٧]. بۇ مۇھەببەت، رەھىمدىللىق، مەرھەمەتلىك، كۆيۈمچانلىق ۋە ھېسداشلىق ئوراپ تۇرغان ياخشى كۆرۈش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار»[١٨].

بۇ مۇھەببەت ئاياللارنىڭ ھەقلىرىنى بىكار بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ، كىشىنى ئايال كىشى بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىھتىرام قىلىشقا، ئاھانەت قىلماسلىققا، ئۇنىڭغا ئىززەت-ئىكرام قىلىپ، مۇلايىم بولۇشقا چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلراقى ئەخلاقى ئەڭ ياخشىراقىدۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىدۇر»[١٩].

شەرىئەتتە ئايال كىشىنى جاھىلىيەت ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلغان ئەسلى ئورنىغا قويۇپ دەلىل كەلگەن، مەسىلەن: مىراس، گۇۋاھلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بەزى ئىشلاردىن باشقىلىرىدا ئەرلەرگە ئوخشاش ھوقۇقتىن بەھرىمان قىلىپ، ئۇلارنى ئەرلەرنىڭ بىر پارچىسى، كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلىغۇچىسى قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ بىر پارچىسىدۇر، ئەرلەر بىلەن ئوخشاشتۇر»[٢٠]. ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنى دۇنيا رىزقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا ئۆتكۈنچە پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر، دۇنيادىكى پايدىلىنىدىغان رىزىقلار ئىچىدە، سالىھ ئايال كىشى ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر»[٢١]. يەنە ئايال كىشىنى دۇنيا سائادىتىنىڭ ئاچقۇچى سانىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «تۆت نەرسە دۇنيا سائادەتلىرىدىندۇر: سالىھ ئايال، كەڭرى تۇرالغۇ جاي، ياخشى خوشنا ۋە مىنىدىغان ياخشى ئۇلاغ»[٢٢].

---

(١) ئەھمەد، نەسائىي، ھاكىم ۋە يەبىھەقى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن. مشكات ٥٢٦١-ھەدىس.

(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(٣) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە ھەدىس ھەسەن سەھىھ دېگەن. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

(٤) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

(5) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(٦) ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنى مۇسۇلمانىنىڭ ئىمانىنىڭ يېرىمى دەپ ئاتىغان. بۇنداق بولۇشى سالىھ ئايال ئېرىنىڭ توغرا قارار چىقىرىپ، ھىدايەت تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بەندە توي قىلسا ئۇنىڭ دىنىنىڭ يېرىمى پۈتۈنلىدۇ، قالغان يېرىمىدا ئاللاھتىن قورقسۇن»[٢٣].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنى يەنە ئىنسانىنىڭ ئانىسىنى ياخشى كۆرىشىدە ياخشى كۆرگەن. ئانىغا ئېھتىرام قىلىشنى، كۆڭۈل بۆلۈپ ئاسراشنى ۋاجىب قىلىپ، جەننەتكە كىرىشنىڭ سەۋەبى قىلغان. جاھىمە سۇلەيھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، غازاتقا چىقىشىم ئۈچۈن سەندىن مەسلىھەت سوراپ كەلدىم» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىل، ھەقىقەتەن جەننەت ئاناڭنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر» دېگەن[٢٤]. ھەتتا ئايال كىشىنى ياخشىلىق قىلىنىشتا ۋە سىلە-رەھىم قىلىنىشتا ئەر كىشىنىڭ ئالدىغا قويغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئى رەسۇلۇللاھ، ياخشىلىق بىلەن ھەمرا بولۇشۇمغا كىم ئەڭ لايىق؟» دەپ سورىغان كىشىگە تاكى ئۈچ قېتىم «ئاندىنچۇ؟» دەپ سورىغىچە «ئاناڭ» دەپ جاۋاپ بەرگەن، تۆتىنچى قېتىمدا «داداڭ» دەپ جاۋاپ بەرگەن[٢٥].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنى ئانىلىق سۈپىتىدە ياخشى كۆرگەندەك، يەنە ئۆز ئاياللىرىنى ئۆزىنىڭ جۆرىسى سۈپىتىدە ياخشى كۆرگەن. ئەمىر ئىبنى ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ساڭا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكراقى كىم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ئائىشە» دەپ جاۋاپ بەرگەن، «ئەرلەردىنچۇ؟» دەپ سورىغاندا، «ئۇنىڭ دادىسى» دېگەن، «ئاندىن كېيىنچۇ» دەپ سورىغاندا «ئۆمەر» دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئەمىر ئىبنى ئاس مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىرمۇنچە كىشىلەرنى ساناندى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا زىكىر قىلىنىشىمدىن قورقۇپ داۋاملىق سورىيالمىدىم»[٢٦].

---

(١) بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان، سەھىھۇل جامىئ ٦١٣٨-ھەدىس.
(2) نەسائىي رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
(3) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(4) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

يەنە شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى (قىزلىرىنى) ئۆز قىزلىرى سۈپىتىدە ياخشى كۆرەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «يۈرۈش-تۇرۇش، گەپ-سۆز، ئەخلاق ۋە تەمكىنلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ بەكراق ئوخشايدىغان بىرسىنى كۆرمىدىم، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈپ قۇياتتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرسە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈپ قوياتتى ۋە ئۇنى ئۆز جايىغا ئولتۇرغۇزاتتى»[٢٧].

مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ ئاياللارغا بولغان بۇنداق كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن بولغان ئېسىل مۇئامىلە ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى بۇيرۇقىنىڭ مەھسۇلى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەي مۆمىنلەر، ئاياللارغا زورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى مىراس قىلىپ ئالماق (يەنى بىر ئادەمنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇرىدىغان مال ئورنىدا قىلىۋالماق) سىلەرگە دۇرۇس بولمايدۇ؛ ئۇلار ئۇپئۇچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن مەھرىدىن بىر قىسمىنى يۇلۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار )، چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا الله كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن»[٢٨].

ئىبنى كەسىر ئۆز تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ مەنىسى: خۇددى سىلەر ئاياللارنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ياخشى كۆرگىنىڭلاردەك، سىلەرمۇ كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا سۆزلىرىڭلارنى، ئىش-ھەرىكىتىڭلارنى ۋە تەققى-تۇرۇقىڭلارنى چىرايلىقلاشتۇرۇڭلار. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش

---

(١) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
(2) نىسا سۈرىسى: 19-ئايەت.

مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[٢٩]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ ئىلاھىي كۆرسەتمىنى ئىجرا قىلىشقا ئالدىراشقان ئىدى. ئىبنى ئابباس رازىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: «ئايالىم مەن ئۈچۈن ياسانغاندەك، مەنمۇ ئايالىم ئۈچۈن ياسىنىپ چىرايلىق بولۇشقا تىرىشىمەن، مەن ئايالىمغا ئۇنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى ھەقلىرىنى تولۇق بەرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىمنى تولۇق ئېلىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇققا ئىگە. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[٣٠]

---

(٣) سۈرە بەقەرە 228-ئايەت.

(١) قۇرتۇبى جامىئتا رىۋايەت قىلىنغان.

# مۇسۇلمان دادىنىڭ ئوغلىنىڭ توي كۈنى ئۇنىڭغا قىلىدىغان نەسىھىتى

رومانتىكلىقتا، ياخشى مۇئامىلىگە، مۇلايىملىق ۋە ئۆز-ئارا ئەپۇچانلىقتا يېتەكلەش بىر سالىھ مۇسۇلمان ئائىلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئۆز ھاياتىغا تەدبىقلاپ ئەمەل قىلىدىغان پروگىراممىدۇر. ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئىمامى ئوغلىنىڭ توي كۈنى ئۇنىڭغا بولغۇسى ئايالىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:«ئەي ئوغلۇم، سەن ئايالىڭنىڭ ھۇقۇقى بولغان ئون خىسلەتنى ئۆزۈڭدە ئۆزلەشتۈرمىگىچىلىك ئائىلەڭدە بەخت بولمايدۇ، ئۇلارنى ئوبدان يادلىۋال ۋە دائىم ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشقىن:

بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى: ھەقىقەتەن ئايال كىشى ناز قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ئېرىنىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشىنى ئىستەيدۇ. بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ بېخىللىق قىلما، ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ ئايالىڭ بىلەن ئوتتۇرىڭغا بىر قاتتىق توسۇق قويغان بولىسەن، شۇنىڭ بىلەن ئاراڭلاردىكى مېھىر-مۇھەببەت سۇسلىشىدۇ.

ئۈچىنچىسى: ھەقىقەتەن ئايال كىشى قەھىر-غەزەپلىك ئەر كىشىدىن قورقىدۇ، يۇمشاق، مۇلايىم ئەركىشىنى چاكار قىلىۋالىدۇ. سەن ھەر بىرسىنى ئۆز جايىغا قويغىن، ئۇ مۇھەببەت ۋە خاتىرجەملىككە ئەڭ يېقىندۇر.

تۆتىنچىسى: ئەرلەر ئاياللارنىڭ خۇش سۆزلىك، چىرايلىق، كىيىملىرى رەتلىك ۋە خۇش پۇراق بولىشىنى ياقتۇرغاندەك، ئاياللارمۇ ئەرلەرنىڭ شۇنداق بولىشىنى ياقتۇرىدۇ. ئايالىڭغا نىسبەتەن دائىم شۇنداق بولۇشقا تىرىشقىن.

بەشىنچىسى: ئۆي دېگەن ئايال كىشىنىڭ مەملىكىتى، ئايال كىشى ئۆيدە ئۆزىنى تەختتە ئولتۇرۇپ كۈتۈلىدىغان خانىشتەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ مەملىكىتىنى خاراب قىلىپ، بۇ تەختىدىن ئايرىۋېتىشتىن ساقلانغىن، چۈنكى ھەر قانداق بىر تەخت ئىگىسى ئۆز تەختىنى تالاشقان ئادەمنى، گەرچە ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا تەخت باراۋىرىدە نېمىنى بېرىشىدىن قەتئىينەزەر قاتتىق دۈشمەن تۇتىدۇ.

ئالتىنچىسى: ئايال كىشى ئۆز ئېرىنى كۈتۈشنى ئىستەيدۇ، ھەمدە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز تۇققانلىرىنى زىيان تارتىشىنى خالىمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئەھى بىلەن بىر تارازىغا قويۇپ، ئۇنى چوقۇم ئىككىدىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇر قىلما. ئەگەر ئۇ ئەھلىنى تاشلاپ سېنى تاللىسا، بۇ تاللاش خۇددى ۋىرۇسقا ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ھاياتىغا تەسىر قىلىپ، ئۇ دائىم بىئارامچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

يەتتىنچىسى: ئايال كىشى ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، بۇ ئايال كىشىنىڭ جامالىنىڭ ۋە ئەر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشۈشىنىڭ سىرىدۇر. بۇ ئۇنىڭ ئەيىبى ئەمەس، تەمسىلەردە «قاشنىڭ زىننىتى ئۇنىڭ ئەگرىلىكىدۇر» دېيىلىدۇ. ئۇ بىر خاتالىق ئۆتكۈزسە ئۇنىڭغا ئېغىر جازا يۈكلەپ ئۇنى تۈزلەيمەن دەپ سۇندۇرۇپ قويما، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سۇنىشى ئۇنىڭ تالاق قىلىنىشىدۇر. ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۆز ھالىغا تاشلاپمۇ قويما، ئۇنداق قىلساڭ ئۇنىڭ ئەگرىلىكى ئېشىپ كېيىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ، لېكىن دائىم بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا بول.

سەككىزىنچىسى: ئايال كىشى خەير-ساخاۋەتنى ئۇنتۇيدىغان قىلىپ يارىتىلغان، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ بىرسىگە بىر ئۆمۈر ياخشىلىق قىلساڭ، ئاندىن سەندىن بىرەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى كۆرسە، «سەندىن ھېچ بىر ياخشىلىق كۆرۈپ باقمىدىم» دەيدۇ. ئۇنىڭ بۇ خۇلقى سېنىڭ ئۇنىڭدىن قېچىشىڭغا سەۋەپ بولمىسۇن، چۈنكى سەن ئۇنىڭ بۇ خۇلقىنى ياقتۇرمىغىنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ باشقا خۇلقلىرى سېنى رازى قىلىشى مۇمكىن.

توققۇزىنچىسى: ئايال كىشى مەلۇم مۇددەت جىسمانىي ۋە روھىي ئاجىزلىقنى باشتىن كەچۈرىدۇ، شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن بەزى پەرىزلەرنى كۆتۈرىۋەتكەن. نامازنى پۈتۈنلەي كۆتۈرىۋەتكەن بولسا، روزىنى ئۇلار بۇ خىل ئاجىزلىقتىن قۇتۇلۇپ، جىسمى ۋە رۇھىي ياخشى ھالىتىگە قايتقۇچە كېچىكتۈرۈپ بەرگەن. سەنمۇ خۇددى ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەندەك ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن. ئەگەر بۇ ۋاقىتلاردا خىزمىتىڭنى ياخشى قىلالمىسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتكىن.

ئونىنچىسى: بىلگىنكى، ئايال كىشى خۇددى سېنىڭ قولۇڭغا چۈشكەن ئەسىرگە ئوخشايدۇ، بۇ ئەسىرگە رەھمەت قىل، ئاچىزلىقلىرىنى ئەپۇ قىل، شۇنداق قىلساڭ، ياخشى ھەمرايىڭ ۋە پايدىلانغۇچىڭ بولۇپ قالىدۇ.

# مۇسۇلمان ئانىنىڭ قىزىنىڭ توي كېچىسىدە ئۇنىڭغا قىلىدىغان نەسىھىتى

مۇسۇلمان ئەرلەر ئىسلامىي رومانتىكىلىقتا رىغبەتلەندۈرۈلگىنىگە ئوخشاش، مۇسۇلمان ئاياللارمۇ بۇ رومانتىكىلىقتا، يەنى ئۆز يولدىشىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۈنسى-ئۇلپەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىلىدۇ. ئۇممۇ ئىياس بىنتى ئەۋف ئەششەيبانى قىزىنى كەندە پادىشاھى ئەمر ئىبنى ھەجەرگە ياتلىق قىلغان كۈنى ئۆز قىزىغا بەختلىك ئائىلىنىڭ ئاساسىي ۋە ئايال كىشىنىڭ يولدىشى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەسىھىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي گۈزەل قىزىم، ئەگەر نەسىھەت ئەدەب، ياخشى نەسەب ئۈچۈن تەرك ئېتىلىدىغان بولسا، ساڭا نەسىھەتتىن بىھاجەت بولاتتىم، لېكىن نەسىھەت غاپىلغا ئىبرەت، ئاقىلغا ياردەمچىدۇر. ئەگەر ئايال كىشى دادىسى دۆلەتمەن بولغىنى ئۈچۈن توي قىلىشتىن بىھاجەت بولىدىغان بولسا، سەن توي قىلىشتىن ئەڭ بىھاجەت بولغان بولاتتىڭ. لېكىن ئاياللار ئەرلەر ئۈچۈن، ئەرلەر بولسا ئاياللار ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەي گۈزەل قىزىم، سەن ئۆزۈڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھىتتىن، ئۆزۈڭ ياشاپ كەلگەن ھاياتتىن ئايرىلىپ، ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان يېڭى بىر جايغا بارىسەن، ئۇ جايدا سەن بۇرۇن تونىمايدىغان تۇققانلىرىڭ بولىدۇ. يولدىشىڭ سېنىڭ پادىشاھىڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئون خىسلەتنى ئۆزۈڭدە مۇجەسسەملىسەڭ، ئۇلار سېنىڭ بايلىقىڭ بولىدۇ:

بىرىنچى ۋە ئىككىنچىسى: يولدىشىڭغا قانائەت بىلەن باش ئەگ، سۆزىنى ياخشى ئاڭلا، ئىتائەت قىل.

ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچىسى: يولدىشىڭنىڭ كۆزى چۈشىدىغانلىكى جايلارنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىل، يولدىشىڭ ئۆيۈڭدىن ياكى سەندىن قەبىھ نەرسىلەرنى كۆرمىسۇن. سەندىن دائىم خۇشپۇراقتىن باشقىنى پۇرىمىسۇن.

بەشىنچىسى ۋە ئالتىنچىسى: يولدىشىڭنىڭ تاماق ۋە ئۇيقۇ ۋاقتىنى ئوبدان بىلىۋال ۋە ئۇنىڭغا دائىم رىئايە قىل،چۈنكى ئەركىشىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىقى ئۇنىڭ تەبىئىتىنى بۇزۇپ، غەزىپىنى ئۇلغايتىدۇ.

يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچىسى: ئۇنىڭ پۇل-مېلىنى ئوبدان قوغداپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ۋە خىزمەتچىلىرىگە چېقىم قىل، پۇل-مالنى ياخشى باشقۇرۇش بولسا، ئۇنى ئوبدان مۆلچەرلەپ، ياخشى تەقسىم قىلىشتۇر. ئائىلىدىكى ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ھەممە ئىشقا ياخشى تەدبىر ئېلىشتۇر.

توققۇزىنچى ۋە ئونىنچىسى: ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلۇق قىلما، ئۇنىڭ سىرلىرىنى يېيىۋەتمە، سەن ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلۇق قىلساڭ، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىسەن، ئەگەر ئۇنىڭ سىرىنى يېيىۋەتسەڭ، ئۇنىڭ سەندىن يۈز ئۆرىشىدىن ئەمىن بولالمايسەن. ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئىش تۇتقىنكى، ئۇ خۇشال ۋاقىتتا قاپىقىڭنى تۈرۈۋېلىشتىن، خاپا ھەم غەم-قايغۇلۇق ۋاقىتتا كۈلۈپ يۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلە.

يۇقىرىقىلاردىن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئايال كىشىگە ئاتا قىلغان ھوقۇق-مەرتىۋىلىرىنى كۆرىۋالالايمىز. بۇ «ئىسلام ئايال كىشىنىڭ زۇلمىتى، ئىسلام دىنى ئايال كىشىنىڭ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىدۇ» دېگۈچىلەرگە رەددىيەدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئايال كىشىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئايالارنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلارنىڭ شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن ھوقۇقلىرىنى چىرايلىق رەۋىشتە ئادا قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئى ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كىچىك كىتاپچىمىزدا ئايان بولغۇسى. بىز بۇ كىتاپچىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى بەزى مىساللارنى بايان قىلىش ئارقىلىق، بۇ نۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمىز. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رىسالەت خىزمىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنىغا قارىماي، ئائىلىسىگىمۇ تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بەرگەن ئىدى، ھەمدە ئۆز ئۈممىتىنىمۇ شۇنىڭغا بۇيرۇپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئەھلىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر. مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولغۇچىدۇرمەن»[٣١] دېگەن.

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزىدە ئەر كىشىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ مىزانىنى ئائىلىدىكى مۇھەببەت ۋە رەھمەتكە سەۋەپ بولىدىغان ياخشى مۇئامىلە ۋە ياخشى تىرىكچىلىك قىلغان، بۇ خىل ياخشىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئادىمىلىك تاكامۇللىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈپ، كىشىلەرگە، جۈملىدىن ئۆز ئەھلىگە كامالى رەھمەت ۋە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئېلىپ بارغان، بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ «ئىختىيار ئايىتى» چۈشكەن ۋاقىتتا قىلغان سۆزلىرى دەلىل بولالايدۇ. ئىمام بۇخارى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ؛ «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاياللىرىغا تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىشنى بۇيرىغان چاغدا، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كىردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىختىيارلىقنى بېرىشنى مەندىن باشلاپ: «مەن ھەقىقەتەن سىزگە بىر ئىشنى ئەسلەتمەكچى، سىز ئاتا-ئانىڭىزغا مەسلىھەت سالمىغۇچە ئالدىراپ بىر قارار چىقارماسلىقىڭىز لازىم» دېدى. ئۇ ئاتا-ئانامنىڭ مېنى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشقا بۇيرىمايدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر دۇنيا تېرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي. ئەگەر سىلەر الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇنېمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى»[٣٢] دەيدۇ،- دېدى. ئاندىن مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇنىڭ نېمىسىنى ئاتا-ئانامغا مەسلىھەت سالىمەن؟ مەن ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى تاللايمەن، دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىمۇ ماڭا ئوخشاش قىلدى.»

بۇ ئەگەر بىرەر نەرسىگە دالالەت قىلسا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ئاياللىرىغا مۇھەببەت، رەھمەت، كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان مۇئامىلىسى نەتىجىسىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن رازى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇشقا

(١) ئەھزاب سۈرىسى: 28، 29-ئايەت.

ئالدىرايدىغانلىقىغا دالالەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز ئايالى ئۇنىڭ ھىمايىسىدە بەخت-سائادەت ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشايتتى. ئىتالىيەلىك لېكتور ۋىككا ۋېللىر ئىسلامنى ئاقلاپ يازغان كىتابىدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى شەھۋانىلىق بىلەن ئەيىبلىگۈچىلەرگە مۇنداق رەت قايتۇرىدۇ: «ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جىسمانىي ۋە جىنسىي قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياشلىق دەۋرىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى تۆۋەن، خالىغانچە ئېلىپ، خالىغانچە تالاق قىلىدىغان بىر جايدا ياشىغانلىقىغا قارىماستىن، ئۆزىدىن يېشى خېلىلا چوڭ بولغان بىرلا ئايال بىلەن، يەنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەنلا توي قىلغان. تاكى ئارىدىن 25 يىل ئۆتۈپ، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات تاپقاندا، ئۆزى 50 ياشقا كىرگەندە ئاندىن باشقا ئاياللار بىلەن توي قىلغان. ئۇنىڭ ئالغان ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ باققان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار بىلەن سىياسىي ئېھتىياج ۋە دەۋەت ئېھتىياجى، بەزى قەبىلىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن تۇققانلىشىش ئۈچۈن توي قىلغان. ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا ھېچ بىر ئايالنى چىرايىنى، ياشلىقىنى ياكى توي قىلمىغان قىز بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئالغان ئەمەس. مۇشۇنداق بىر ئادەم شەھۋانىي بولامدۇ؟! ھالبۇكى، ئۇ بىر ئادەم، ئىلاھ ئەمەس. ئۇنىڭمۇ باللىق بولغۇسى كېلىشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولغان باللىرى ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئىقتىدا قىلىپ، ئۆز ئاياللىرىنىڭ ئارىسىنى ھېچ ئايرىماستىن، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلغان. بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھايات تەپسىلاتلىرىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان تۇرۇپ، ھېچبىر ئىنسان ئۇلارنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىغا ئېتىراز بىلدۈرمەيدۇ-يۇ، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىنى تەپسىلاتلىرى بىلەن بىلىدىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىنى ئەيىب سانامدۇق؟!»

ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تارىختا ئۆتكەن ئەڭ بۈيۈك شەخس، ئۇ دۇنيا تارىخىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، بۇنىڭغا ئۇنىڭ تارىخى بىلەن چۈشەنچە تونۇشقان ئىنساپلىق غەيرى مۇسۇلمانلار گۇۋاھلىق بەرگەن، مەسەللەردە «ھەق دېگەن دۈشمەن گۇۋاھلىق بەرگەن نەرسىدۇر» دېيىلىدۇ. «دۇنيا تارىخىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر»ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى مايكىل ھارت مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى

دۇنيا تارىخىغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ بىرىنچىسىگە تىزىشىم بەزى ئوقۇرمەنلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىشى، ۋە يەنە بەزىلەر بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرىشى مۇمكىن، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيا تارىخىدىكى دىن ۋە دۇنيالىق جەھەتتە تەڭلا ئەڭ بۈيۈك نەتىجە قازانغان يىگانە زاتتۇر».

بۇنىڭغا يەنە تېز سۈرئەتتە تارقىلىۋاتقان ئىسلام دەۋىتى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ ئىسلام ئەھكاملىرىنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ دەۋەتنى تارقىتىش يولىدا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى، دىنغا يېڭىدىن كىرىۋاتقانلارنىڭ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدىن يېنىۋالىدىغانلارنىڭ ناھايىتى ئازلىقى شاھىد بۇلالايدۇ. چۈنكى ھەق قاچانكى قەلبكە نورۇنلىشىپ روھقا سىڭىدىكەن، ئۇلارنى ئايرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. مانا، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قامچىلار بىلەن ئۇرۇش، كۆكرىكىگە تاشلارنى قويۇش، بەتتىھا سەھراسىنىڭ قىزىقىدا يۈزى بىلەن سۆرەشلەرمۇ ئۇنى ئىماندىن ياندۇرالمىدى، ياندۇرالمايلا قالماستىن ئىماندا تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلدى، ئۇنىڭ بۇ ئازاپلاشلار ئالدىدا قىلغان گېپى پەقەت ۋە پەقەت «ئاللاھ بىردۇر! ئاللاھ بىردۇر!» دىن ئىبارەت بولدى. سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئانىسىغا ۋاپادار كىشى ئىدى، ئۇ ئىسلامغا كىرگەندە ئانىسى ئۇنىڭغا: «ئەگەر دىنىڭدىن يانمايدىغان بولساڭ، تاماق يىمەي، سۇ ئىچمەي ئۆلىمەن، كىشىلەر سېنى مەن توغىرلىق ئەيىبلەپ، ئانىسىنىڭ قاتىلى دېسۇن!» دەيدۇ. سەئىد ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئانا، ئۇنداق قىلمىغىن، بۇ دىنىمنى ھېچقانداق بىر ئىش ئۈچۈن تەرك ئەتمەيمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى بىر كېچە-كۈندۈز يىمەي ئىچمەي ناھايىتى قىينىلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر كېچە-كۈندۈزمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئانا ھالىدىن كېتىدۇ. سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «ئانامنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ: ئانا، بىلگىنكى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىنىڭ يۈز جېنىڭ بولۇپ، بىر-بىرلەپ چىقىپ تۈگىسىمۇ مەن بۇ دىنىمنى ھېچ بىر ئىش ئۈچۈن تەرك ئەتمەيمەن، خالىساڭ يەپ ئىچكىن، خالىساڭ يىمە ۋە ئىچمە، دىدىم. ئانام مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى كۆرۈپ ئاخىرى تاماق يىدى» دەيدۇ.

# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆز ئاياللىرىغا بولغان مۇئامىلىسى

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشى:

ئىسلام دىنى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ ھەققىنى بېرىشكە ئۈندەيدۇ، بۇ ھەق بولسا، كىشىنىڭ ئىسلام شەرىئىتى ھالال قىلغان يول بىلەن بەدىنىدىكى ھارغىنلىقلارنى چىقىرىپ، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە تېخىمۇ جۇشقۇن، روھلۇق ھالەتتە ھازىر بولۇشتۇر. بۇنىڭ شەرتى بولسا، ئىنسان ئويۇنغا بېرىلىپ، ھاياتىنى مەنىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىسلام دەۋىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىسلام دىنى پەقەت تىرىشچانلىق دىنى، ئۇ كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشقان ئىدى. ھەنزەلە ئىبنى ھۇزەيم ئەلھەنەفىي مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرگە يولۇقتۇم، ئۇ مەندىن، ئى ھەنزەلە، قانداق ئەھۋالىڭ؟ دەپ سورىدى، مەن، ھەنزەلە مۇناپىق بولدى، دېدىم. ئۇ ماڭا: ئاللاھ پاكتۇر! نېمە دەۋاتىسەن؟- دېدى. مەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىدا بولغىنىمىزدا ئۇ بىزگە جەننەت بىلەن دوزاقنى ئەسلىتىپ، خۇددى ئۇ ئىككىسىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرىۋاتقاندەك بولىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىدىن چىققىنىمىزدا بولسا، بالا-چاقا، ئائىلە ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، كۆپىنچىسىنى ئۇنتۇيدىكەنمىز، دېدىم. ئەبۇ بەكرى:-ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ شۇنداق بولىمەن، دېدى. بىز بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا باردۇق. مەن: ھەنزەلە مۇناپىق بولدى،- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: بۇ نېمە ئىش ؟- دەپ سورىدى. مەن، ئى رەسۇلۇللاھ، بىز سېنىڭ قېشىڭدا بولغىنىمىزدا، سەن بىزگە جەننەت ۋە دۇزاقنى ئەسلىتىپ، ھەتتا بىز جەننەت ۋە دوزاقنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك بولىمىز، سېنىڭ قېشىڭدىن چىققىنىمىزدا بولسا، بالا-چاقا، ئائىلە ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، كۆپىنچىسىنى ئۇنتۇيمىز،- دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر دائىم مېنىڭ قېشىمدا بولغىنىڭلاردەك بولالىساڭلار پەرىشتىلەر سىلەرگە سىلەرنىڭ

ئۆيۈگلار ۋە يوللىرىڭلاردا ئۇچرىشىپ، سىلەر بىلەن كۆرۈشكەن بولاتتى. لېكىن ئى ھەنزەلە! «ئارىلاپ-ئارىلاپ» دەپ ئۈچ قېتىم دېدى.»[٣٣]

لېكىن بۇ ئىتىقاد ئىسلام دىنى ئۆز ئەھلى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، ئۇلار بىلەن ئۈنسى – ئۈلپەت قىلىش ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىشنى دىنىنىڭ بىر جۈملىسىدىن قىلغان ۋاقىتىدا ئاندىن ئۆزگەردى. بۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس، چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ بەدىنى، روھى ۋە ئەقلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇمۇمىي بىر دىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ زىكىر قىلىنمايدىغان ھەرقانداق بىر نەرسە غەپلەتتە قالدۇرىدىغان ئويۇن-تاماشىدۇر. پەقەت تۆت ئىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر: كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئوينىشىشى، جەڭ ئېتىنى كۆندۈرىشى، قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىشى ۋە سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلىشى»[٣٤]. (بۇ ئىشلارغىمۇ ساۋاپ باردۇر)

بۇ ئىتىقاد يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەندە ئۆزگەردى. جابىر ئىبنى سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىدىن كېيىن تاكى كۈن چىققۇچە ناماز ئوقۇغان جايىدا ئولتۇراتتى، ساھابىلەر ئۇنىڭ قېشىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. گاھىدا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى جاھىلىيەت ۋاقتىدىكى ئىشلارغىمۇ كېتىپ قالاتتى. ئۇلار پاراڭلىشىپ كۈلۈپ كەتسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. بۇ ئىتىقاد ئۆزگەردىلا ئەمەس، ئۆز نەفسىنىڭ ھەققىنى بىرىش ۋاجىپقا ئايلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن: «ئى ئابدۇللاھ، ماڭا سېنىڭ كۈندە روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرىدىغانلىقىڭ يەتتىغۇ ؟» دەپ سورىدى.

ئابدۇللاھ:

-شۇنداق ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

-ئۇنداق قىلمىغىن، بەزى كۈنلىرى روزا تۇتۇپ، بەزى كۈنلىرى تۇتما. كېچىنىڭ بەزىسىدە ئۇخلاپ، بەزىسىدە ناماز ئوقۇ، ھەقىقەتەن بەدىنىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستىڭدە ھەققى بار. كۆزۈڭنىڭ سېنىڭ ئۈستىڭدە ھەققى بار،

---

(١) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(٢) سەھىھ. ئەھمەد ۋە نەسائىي ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان.

ئايالىڭنىڭ سىېنىڭ ئۈستىڭدە ھەققى بار، يېنىڭنىڭ سىېنىڭ ئۈستىڭدە ھەققى بار، دېدى(٣٥).

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۆز ئەھلى بىلەن كۆڭۈل ئېچىشىدىن نەمۇنىلەر:

### 1-پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆز ئائىلىسىگە خۇشاللىق ۋە راھەت بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا ھېرىسمەن ئىدى، پۇرسەت چىقسىلا ئۇلارنىڭ ھالال ئويۇن-تاماشا بىلەن كۆڭلىنى ئېچىشىغا يول قويۇپ، ئۇلاردىكى ھارغىنلىقنى تۈگىتەتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «ھەبەشىستانلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مەسجىتىگە كىرىپ ئويۇن كۆرسەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەندىن: «ئى ئائىشە، ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرگىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «ھەئە» دەپ جاۋاپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ بەردى، مەن ئېڭىكىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، يۈزۈمنى ئۇنىڭ ئېگىكىگە تېرەپ تۇرۇپ ھەبەشلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئۇ كۈندىكى دەيدىغان گەپلىرى «ئەبۇلقاسىم ياخشى بەندە» ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ماڭا «ئەمدى بولدى» دېدى. مەن «ئالدىرىمىغىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا يەنە تۇرۇپ بەردى. بىردەمدىن كېيىن يەنە ماڭا «ئەمدى بولدى» دېدى. مەن «ئالدىرىمىغىن، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!» دېدىم. ئەسلىدە مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا قارىغۇم يوق، مەن پەقەت بۇ ماقامىمنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ماڭا تۇرۇپ بەرگەنلىكىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلغانىدىم.»

### 2-پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەھلىنىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بۈيۈك ئەدەپ ئەخلاق ئۈستىدە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەرسىنىڭ خاتالىقىنى، ئۆز ئەھلىنىڭ شەرىئەتكە مۇخلىپ بولمىغان خاتالىقلىرىنى ئۇلارنىڭ بىئارام بولۇپ، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى ئۈچۈن يۈزىگە سالمايتى ۋە كۆرمەسكە سالاتتى، ھەمدە غاپىل بولىۋالاتتى. غاپىل بولىۋېلىش دېگىنىمىز: بىر ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋېلىشتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكىر رەزىياللاھۇ ئەنھا مىنا كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مېنىڭ قېشىمغا كىردى، مېنىڭ قېشىمدا ئىككى قىز داپ چېلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمى بىلەن بېشىنى ئورىۋالغان ئىدى. ئەبۇ بەكىر ئۇلارنى قوغلىغىلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىنى ئېچىپ: ئى ئەبۇ بەكرى، قويغىن، بۇ دېگەن ھېيت كۈنلىرى،- دېدى. ئائىشە ئانىمىز يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا تۇرۇپ بەردى، مەن مەسجىدتە نەيزە ئوينىتىۋاتقان ھەبەشلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرىۋاتاتتىم، ئۆمەر كېلىپ ئۇلارنى مەسچىتتىن قوغلىغىلى تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۆمەر، ئۇلارنى ئوينىغىلى قويغىن. ئى ئەرفىدە ئوغۇللىرى، خاتىرجەم ئويناۋېرىڭلار،- دېدى.[٣٦]

## 3-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلىنىڭ سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇراتتى.

ئۆز-ئارا ياخشى كۆرۈش، ئىناقلىق ۋە كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنىڭ ئىپادىسى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزدەشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارغا ھېرىسمەن ئىدى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر قانچە دوستلىرىم بىلەن قونچاق ئويناپتتۇق، لېكىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىپ قېچىپ چىقىپ كېتىشەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇلارنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتەتتى.»[٣٧]

## 4- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلى بىلەن ئوينىشىپ، چاقچاقلىشاتتى

ئىسلامىي كۆرسەتمىلەر ئىچىدە، بەدەن ۋە روھنى ساغلام قىلىدىغان كۆرسەتمىلەر بار بولغىنىدەك، ئىنسان نەپسىنى ساغلام قىلىپ، ئۇنىڭغا

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(2) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

خۇشاللىق بىرىدىغان كۆرسەتمىلەرمۇ بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەرەپلەرگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۆز ئەھلى ۋە ساھابىلىرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقچاقلىرى يالغان ئارىلاشمىغان، كىشىنىڭ ئىززەت-نەپسىگە ھۇجۇم قىلمايدىغان، ھەق سۆز بىلەن بولىدىغان، كىشىدىن ھارغىنلىق ۋە مەيۈسلىكنى كەتكۈزىدىغان چاقچاقلاردۇر. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بەقىئدىكى بىر جىنازا نامىزىدىن يېنىپ مېنىڭ قېشىمغا كىردى، مېنىڭ بېشىم ئاغرىۋاتاتتى. مەن: ۋاي بېشىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئائىشە، بېشى ئاغرىۋاتقان ئادەم مەن، ۋاي بېشىم ! –دېدى، ۋە يەنە: «ساڭا نېمىتى، ئى ئائىشە؟ ئەگەر مەندىن بۇرۇن ۋاپات تېپىپ قالساڭ، سېنى ئۆزۈم يۇيۇپ، ئۆزۈم كېپەنلەپ، نامىزىڭنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىڭگە قويىتتىم» دېدى. مەن: ھە! مەن ئۆزلىرىنىڭ مېنى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن ھالەتلىرىنى كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن، سىلى قايتىپ كېلىپ، مېنىڭ ھۇجرامدا بىرەر ئاياللىرى بىلەن قۇناتتىلە ھە ؟!-دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات تاپقاندىكى ئاغرىقى باشلاندى[٣٨].

## 5-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلى بىلەن سەيلە قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھېچقاچان كىشىنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىشتىن خالىي قالمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچە ئېغىر رىسالەت ۋەزىپىسى ۋە ئۇممەتنى يېتەكلەش ۋەزىپىسى ئۇنى ئۆز ئەھلىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن توسۇپ قالمىغان ئىدى. ئۇ ئۆز ئاياللىرى بىلەن سەيلىگە چىقاتتى. مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «...پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچە بولغاندا ئائىشە بىلەن بىللە پاراڭلاشقاچ مېڭىپ سەيلە قىلاتتى»[٣٩].

## 6-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ يۇمۇرلۇق گەپلىرىگە كۈلەتتى.

كۈلۈش بىر پىترى ئىش بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى بۇنىڭغىمۇ كۆرسەتمە بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ قېرىنداشىڭغا

---

(1) دارىمى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

قاراپ كۆلۈمسىرىشىڭ سەۋەبى بىلەن ئىدىمىزغا بۇرۇنقىدۇر». ( سەھىھ. تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ) ئىسلام دىنىمىز بىزگە قارىغان كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان سۆرۈن چىراي، تولۇق قاپاق بولماستىن، خۇش چىراي بولۇش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلەتتى ۋە كۈلدۈرەتتى، سورۇندىن كۆڭۈلسىزلىك ۋە زېرىكىشنى كەتكۈزەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەقەت قېرىنداشىڭغا كۈلۈمسىرەشكىلا قادىر بولالىساڭمۇ، ھەر قانداق ياخشىلىقنى كىچىك سانىمىغىن».

## 7-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە خۇشاللىقنىلا تارىتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئەتلىرىدىن سورۇنداشلىرىنى ھەق سۆز بىلەن بولغان يۇمۇر-چاقچاقلار بىلەن كۈلدۈرەتتى، ھەمدە ئۆز ئەھلىنىڭ ھارغىنلىقى ۋە زېرىكىشلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ قوياتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇماچ ئېتىپ ئاپاردىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋدە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ئىدى، مەن سەۋدەگە «سەنمۇ يېگىن» دېسەم، ئۇ ئۇنىمىدى. مەن «يېمىسەڭ يۈزۈڭگە ئۇماچتىن سۈرىمەن» دېدىم. ئۇ يەنىلا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇماچقا قولۇمنى تەككۈزۈپ ئاندىن ئۇنىڭ يۈزىگە سۈردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى، ۋە «سەۋدە، سىزمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە سۈرۈڭ» دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ قولى يېتىشى ئۈچۈن مەن تەرەپتىكى پۇتىنى چۈشۈرۈپ بەردى. سەۋدەمۇ مېنىڭ يۈزۈمگە ئۇماچتىن سۈردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ يەنە كۈلدى. شۇ ئەسنادا ئۆمەر: ئابدۇللاھ! ئابدۇللاھ!،- دەپ چاقىرغىنىچە ئۆتۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كىرەمدىكىن دەپ ئويلاپ:«قوپۇڭلار، يۈزۈڭلارنى يۇيۇۋېتىڭلار» دېدى. مەن تا ھازىرغىچە ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى ھەيۋىتى سەۋەبلىك ئۆمەردىن ئەيمىنىمەن(٤٠).

## 8- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ خۇشاللىقىغا جۆر بولاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمىتىدىن: ھەر بىر كىشىگە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان، شەرىئەتكە زىت بولمىغان يول بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى ۋە

(1) ئەبۇ يەئلار رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئوينىشاتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇك غازىتىدىن قايتىپ كەلدى. مېنىڭ بىر كىچىك خۇرجۇنۇم بار ئىدى. شامال كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ قونچاقلىرىم بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئائىشە، بۇ نېمە؟،-دەپ سورىدى. مەن: مېنىڭ قونچاقلىرىم،-دېدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى رەختتىن قانىتى بار بىر قونچاق ئاتنى كۆرۈپ: ئاۋۇ ئوتتۇرىسىدىكى نېمە؟ -دەپ سورىدى. مەن: ئات،-دېدىم. ئۇ: ئاتنىڭ ئۈستىدىكىسى ئۇنىڭ نېمىسى؟ - دەپ سورىدى. مەن: ئاتنىڭ قانىتى،-دەپ جاۋاپ بەردىم. ئۇ يەنە: ئىككى قاناتلىق ئات؟ - دېدى. مەن: ئاڭلىمىغانمىتىلە؟! سۇلايماننىڭ ئېتىنىڭ قانىتى بارغۇ،-دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەتتا ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالغۇچە كۈلدى.» [٤١]

## 9- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ خۇشاللىقىنى بەخت دەپ بىلەتتى.

ئۆز ئەھلىنى خۇشال قىلىش كىشىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى خۇشال قىلىدىغانلارنىڭ ئالدىنقىسى ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇراتتى، بىز بىر توپ كىچىك باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ھەبەشلىك كىچىك قىزچاقنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى ۋە بىر توپ باللارنىڭ ئۇنى ئورىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ماڭا: ئى ئائىشە، بۇياققا كېلىپ كۆرگىن،-دېدى. مەن ئېڭىكىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ باللارنىڭ ئويۇنىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۆرۈپ قاندىڭمۇ؟ كۆرۈپ قاندىڭمۇ...-دېگىلى تۇردى. مەن ھەر قېتىمدا ياق، دەيتتىم. مەقسىتىم ئۆمەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مېنىڭ مۇشۇنداق تۇرغانلىقىمىزنى كۆرسۇن دېگەنىدىم. تۇيۇقسىز ئۆمەر كېلىۋىدى، ئادەملەر ھېلىقى قىزچاقنىڭ ئەتراپىدىن قېچىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن ھەقىقەتەن ئىنسانلار ۋە جىنلاردىن بولغان شەيتانلارنىڭ ئۆمەردىن قېچىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم،- دېۋىدى، ئورنۇمغا قايتىپ كەتتىم[٤٢].

## 10- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلى بىلەن كېچىلەردە مۇڭدىشاتتى.

---

(2)ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

(١) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتلىرىدىن: كېچىدە ئۆز ئەھلى بىلەن مۇڭدىشاتتى. بىركۈنلۈك ھايات مەشغۇلاتىدىن كېيىن كېچىدە ئۆز ئەھلى بىلەن مۇڭدىشىش شۇ بىركۈنلۈك مەشغۇلاتتىكى ھارغىنلىقنى تۆكۈپ، كىشى بىلەن ئەھلىنىڭ ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سەفىييە بىنتى ھۇيەي مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا تۇرىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بىردەم پاراڭلاشتىم، ئاندىن قوپۇپ قايتماقچى بولغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئاپىرىپ قويماقچى بولدى، بىز بىللە مېڭىپ مەسجىتنىڭ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيى تەرەپتىكى ئىشىكىگە كەلگىنىمىزدە، ئەنسارلاردىن ئىككى كىشى قېشىمىزدىن ئۆتۈپ بىزگە سالام بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: توختاڭلار، بۇ مېنىڭ ئايالىم سەفىييە بىنتى ھۇيەي بولىدۇ،-دېدى. ئۇلارغا بۇ ئېغىر كېلىپ، ( بىز سېنىڭ ھەققىڭدىمۇ يامان گۇمان قىلىمىزمۇ؟ دېگەن مەنىدە ) سۇبھانەللاھ! ( ئاللاھ پاكتۇر )، ئى رەسۇلۇللاھ! ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىقى ئۇنىڭغا بولسۇن )،-دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەقىقەتەن شەيتان ئىنساننىڭ قېنى يەتكەن جايلارغىچە يېتىپ بارىدۇ. مەن شەيتاننىڭ ئىككىڭلارنىڭ كۆڭلىگە بىرەر ۋەسۋەسە سېلىپ قويۇشىدىن قورقتۇم،-دېدى»(٤٣).

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلىگە ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇئامىلىسى

ئىسلام دىنى كىشىنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتى جەھەتلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. ئەر-ئاياللاردىكى تۇغما ھىسسىيات بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، ئىنساندىكى جىنسىي تەلەپ چوقۇم قاندۇرۇلۇشقا تېگىشلىك بولغان بىر زۆرۈرىي تەلەپتۇر. ئىسلام دىنى ئۇنى بىر ھايۋانىي تەلەپ سۈپىتىدە تاشلاپ قويۇشقا بۇيرىماستىن، نىكاھتىن ئىبارەت شەرئىي يول ئارقىلىق قاندۇرۇشقا بۇيرىغان. چۈنكى بۇ يول كىشىگە ئىپپەت، پاكىزلىق، خاتىرجەملىك ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى ساغلاملىقنى بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ئاياللار بىلەن ئۇنىسى – ئۇلپەت ئېلىشقاللار ئۇچۇن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز

(1) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر – خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى اﷲ نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار»[٤٤]. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى قۇدرىتى يەتكەن چاغدا توي قىلىشقا ئالدىراشقا بۇيرۇيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ياشلار جامەسى! سىلەردىن كىم توي قىلىشقا قادىر بولالىسا توي قىلسۇن، چۈنكى نىكاھ كۆزنى ھارامدىن ساقلايدۇ، ئەۋرەتنى ھارامدىن قوغدايدۇ ؛ قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن، چۈنكى ئۇ قالقاندۇر، گۇناھ مەئسىيەتتىن ساقلاپ قالىدۇ» [٤٥] ئىسلام دىنى يەنە راھىبلىق، بويتاقلىق ۋە تەركى دۇنيالىقتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادىتىدىن سوراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىدىن خەۋەر بەرگەن چاغدا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەدە، بىز نەدە؟ ئاللاھ ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىۋەتكەن تۇرسا، ـ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ بىرسى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمەللىرىنى ئاز ساناپ ): مەن كېچىدە پۈتۈن قىيىامدا تۇرۇپ چىقىمەن، ـدېدى. يەنە بىرى: مەن ئايال كىشىگە يېقىن يولىمايمەن، مەڭگۈ توي قىلماي ئۆتىمەن، ـدېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: سىلەر مۇنداق مۇنداق دەپسىلەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ تەقۋا ۋە ئاللاھتىن ئەڭ قورقىدىغان بىرىمەن. مەن بەزىدە روزا تۇتىمەن، بەزىدە ئاغزىم ئوچۇق يۈرىمەن ؛ كېچىلىرى ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن ؛ توي قىلىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مەندىن ئەمەس، ـ دېدى.»[٤٦]

ئىسلام دىنى ئەر-ئاياللىق ھىسسىياتنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ساۋاپ بېرىلىدىغان بىر ئىبادەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىسمۇ سەدىقىدۇر، ـ دېدى. ساھابىلەر: ئى رەسۇلۇللاھ،

---

(2) رۇم سۈرىسى: 21-ئايەت.
(٣) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(1) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بىرىمىز شەھۋىتىنى قاندۇرسىمۇ ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلەمدۇ؟ - دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر بىرسى شەھۋىتىنى ھارام ئارقىلىق قاندۇرسا ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلىدۇ ئەمەسمۇ ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ئۇ شەھۋىتىنى ھالالدىن قاندۇرسا، ئۇنىڭغا ئەجىر يېزىلىدۇ. – دېدى[٤٧] .

ئىسلام دىنى بۇ تەرەپكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن، چۈنكى مۇسۇلمان شەرىئەت كۆرسەتكەن يول ئارقىلىق ئۆز نەفسىنى قاندۇرۇپ، روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، ئىبادەتلىرىنى راھەت ۋە زېھنى ئوچۇق ھالدا ئادا قىلىدۇ.

**بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىسسىي تۇرمۇشىدىكى بەزى مىساللارغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى:**

### 1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلىگە سادىق بولۇپ، خىيانەت قىلماسلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشى شەيتان ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ قالغاندا ئىقتىدا قىلىدىغان ياخشى ئۈلگە. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرەرسىڭلارنى بىرەر ئايال ئەجەبلەندۈرسە، دەرھال ئۆز ئەھلىگە كەلسۇن، ئۇ ئۆز ئەھلىدىن شۇ ئايالدىن تاپىدىغان نەرسىنى تاپىدۇ»[٤٨].

### 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى سېغىناتتى.

ھەقىقەتەن كىشىنىڭ سەپەردىن قايتىشقا ئالدىرىشى ئۇنىڭ ئۆز ئەھلىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ تەمكىنلىك ۋە كۆڭۈل خاتىرجەملىكى ئېلىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئېنىق كۆرسەتمە بېرىپ: «سەپەر دېگەن ئازاپتىن بىر ارچىدۇر، ئۇ كىشىنى ئۇيقىدىن بىدار قىلىدۇ، كىشىنى ئاچ ۋە سۇسىز قويىدۇ. سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلار

---

(2) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(3) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

سەپەردىن كۆزلىگەن مەقستى هاسىل بولغان هامان ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىسۇن»[٤٩].

## 3. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆز ئەهلىگە بولغان مېهىر-مۇهەببىتىنى يېڭىلاپ تۇراتتى.

سوۋغاتنىڭ ناهايىتى مۇهىم قىممىتى باردۇر، بولۇپمۇ ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى تەرىپىدىن بېرىلگەندە ئۇنىڭ قىممىتى هەسسىلەپ ئاشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ هەقتە ئېنىق كۆرسەتمە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز-ئارا سوۋغا بېرىشىڭلار، ئۇ ئاراڭلاردا مېهىر-مۇهەببەت پەيدا قىلىدۇ»[٥٠]. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇسۇلمان ئاياللار ! سىلەرنىڭ بىرىڭلار خوشنىسىغا قوينىڭ بىر پارچە ئۇستىخانلىق ئۇرۇق گۆشىنى بېرىشنىمۇ كىچىك سانىمىسۇن»[٥١].

## 4. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆز ئەهلىدىن باشقىسىغا كۆز سالمايتتى.

ئۆز بەدىنىنى هارامدىن ساقلاپ، ئۆز ئەهلى بىلەنلا كۇپايىلىنىش كىشىنىڭ سەمىمىيلىكى ۋە ئادىللىقىغا دالالەتتۇر. شەيتان بۇنداق كىشىنى توغرا يولدىن ئازدۇرۇپ، رەزىل ئىشلارنى قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، هەقىقەتەن بەدەننىڭ زىنادىن بولغان نىسىۋىسى پۈتۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا شەك-شۈبهە يوقتۇر: كۆز زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى قاراشتۇر ؛ قۇلاق زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى ئاڭلاشتۇر ؛ تىل زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى سۆزلەشتۇر ؛ قول زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى تۇتۇشتۇر ؛ پۇت زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى مېڭىشتۇر. قەلب ئارزۇ قىلىدۇ، ئەۋرەت ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ ياكى يوققا چىقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام توغرىلىقى بىرلىككە كېلىنگەن هەدىستە بۇنىڭدىن خەۋەر بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆز بەدىنىنى هارامدىن ساقلاشتا بىر نەمۇنە ئىدى. ئائىشە ئانىمىز بۇ هەقتە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللارنى ئاللاهنىڭ: «ئى پەيغەمبەر! مۆمىن ئاياللار

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(٢) بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» تە رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەهىه دېگەن.
(٣) بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس.

ساڭا كېلىپ، اﷲ قا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى (جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك قىز بالىلىرىنى نومۇستىن ياكى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ) ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئەرلىرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا (يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا) ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن اﷲ تىن مەغپىرەت تىلىگىن، اﷲ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (سۈرە مۇمتەھىنە ١٢-ئايەت ) دېگەن بۇيرىقى بويىچە سىنايتى. مۆمىن ئاياللاردىن كىم بۇ شەرتلەرگە قوشۇلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سۆز ئارقىلىقلا: سەندىن بەيئەت ئالدىم، دەيتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيئەت جەريانىدا بىرمۇ ئايال كىشىنىڭ قولىنى تۇتمىدى، ئۇ پەقەت ئاياللارغا: مەن سەندىن ئەنە شۇ شەرتلەر ئاساسىدا بەيئەت ئالدىم، دېيىش بىلەنلا بەيئەت قوبۇل قىلاتتى[٥٢].

## 5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ھېچنىمە سانىمايدىغان جاھىلىيەتتىن كەلگىنىگە قارىماستىن، ئۆز ئەھلىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنى ئەيىب-نوقسان سانىمايتى، بەلكى ئۇنى ئېسىل ئەخلاق، ياخشى ئۇنسى ئۈلپەت قاتارىدا كۆرەتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىغا خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قىلغاندەك كۈندەشلىك قىلىپ باقمىدىم، مەن ئۇنى كۆرمىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوي بوغۇزلىسا: بۇنىڭدىن خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىڭلار،- دەيتتى. بىر كۈنى مەن ئاچچىقلاپ: دائىملا خەدىچەمۇ ؟- دېسەم، ئۇ ماڭا: ھەقىقەتەن ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈم ماڭا رىزىق قىلىپ بېرىلدى، دېدى.»[٥٣] ئائىشە ئانىمىز يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنى ئەسلىگىنىدە ئۇنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ماختايتتى. بىر كۈنى مېنىڭ كۈندەشلىكىم تۇتۇپ: ئۇنى تولىمۇ ئەسلەيدىكەنلا، ئاللاھ سىلىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگەن تۇرسا ! دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگىنى يوق،

---

(١) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

كىشىلەر ماڭا كاپىر بولغاندا ئۇ ماڭا ئىمان ئېيتتى ؛ كىشىلەر مېنى يالغانچىغا چىقارغاندا، ئۇ مېنى تەستىقلىدى ؛ كىشىلەر مەندىن مېلىنى ئايىغاندا ئۇ ئايىمىدى ؛ ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللىدىن پەرزەنت بەرمىدى، دېدى[٥٤].

## 6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشتىكى پاكىزلىقى.

ئىسلام كۆرسەتمىلىرى ئاللاھنىڭ ناھايىتى گۈزەللىكى، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، سېخىلىقى، سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، بارچە نوقساندىن پاكلىقى، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەن، ھەمدە ئۆز ساھابىلىرىنى ئەڭ چىرايلىق ۋە پاكىز يۈرۈش-تۇرۇشقا، بولۇپمۇ ئۆز ئەھلىگە شۇنداق بولۇشقا بۇيرىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرەرسىڭلار ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئاندىن يەنە كەلمەكچى بولسا، تاھارەت ئېلىۋەتسۇن»[٥٥]. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە: بۇ پاكىزلىققا ئەڭ يېقىندۇر، دەپ كەلگەن

## 7. ھەقىقي مۇھەببەت...

ھەقىقي مۇھەببەت بىر ئىنساننى ھەممە ھالەتتە ياخشى كۆرۈشتۇر، ئۇ ۋاقىتنىڭ ياكى ياخشى كۆرگەن ئىنساننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگۈرۈپ قالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى ئەنە شۇنداق ياخشى كۆرەتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىمىز جۇنۇپ ھالەتتە بىر قاچىدىن تەڭ سۇ ئېلىپ يۇيىناتتۇق. ئۇ مېنى ھەيزدار ھالىتىمدە سۆيۈپ قوياتتى، ئۇ ئېتىكاپتا تۇرىۋاتقاندا بېشىنى ماڭا سۇزۇپ بېرەتتى، مەن ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قوياتتىم، ھالبۇكى مەن ئۇ ۋاقىتتا ھەيزدار ئىدىم[٥٦].

## 8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ سىرلىرىنى يېپىۋەتمەيتتى.

---

(١) ئەرناۋۇت سەھىھ دېگەن.
(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(٣) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىسلام شەرىئىتى ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشتىكى نازۇك سىرلارنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنى ئاشكارا قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ، چۈنكى ئۇنى ئاشكارىلاش ھايانى يوقىتىدۇ ۋە ئادىمىلىكتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان كىشى، ئۆز ئەھلى بىلەن خىلۋەتتە بىرگە بولۇشقان، ئاندىن ئوتتۇرىدىكى نازۇك سىرلارنى يېيىۋەتكەن كىشىدۇر»[٥٧].

## 9. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى ئەركىلىتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلى يۇمشاق ۋە كىشىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان كىشى ئىدى. ئۆز ئاياللىرىنى ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان ئىسىملىرى بىلەن چاقىراتتى. ئۇ ئائىشە ئانىمىزنى: ئى توغاچ يۈزلۈك ( تېرىسى ئاق سۈزۈك، مەڭزىدە سۇس قىزىللىق بار )،-دەپ چاقىراتتى. گاھىدا ئۇنى تېخىمۇ ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ: ئى ئائىش، -دەپ چاقىراتتى[٥٨].

## 10. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ ئۆزرىلىك ھالىتىدىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قوپاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ئۆزرىلىك ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ-قوپۇش، يېمەك-ئىچمەكتە بىرگە بولاتتى، ئۇلار بىلەن جىما قىلماستىن، ئۇلارنى سۆيۈپ قوياتتى. بۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ قەلبىنى خاتىرجەم قىلىش بىلەن بىرگە، يەھۇدىي ۋە ناسارالار قىلغان ئىشنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، شەرىئەتنىڭ بۇ توغرىدىكى ھۆكمىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇلار ھەيزدار ئاياللارنى نىجىس ساناپ، ئۇلار بىلەن بىرگە ئولتۇرمايتتى ۋە بىللە يەپ ئىچمەيتى، ئۇلارنى ئۆزلىرىدىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇيتتى[٥٩].

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(٣) تەۋرات: لاۋىيىين پارىسى ١٥:١٩.

ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھەيزدار ھالىتىمدە ئىچ كىيىمىمنى كىيگۈزۈپ قۇچاقلايتتى، لېكىن ئۇ ئۆز شەھۋىتىنى ئەڭ كونترول قىلالايدىغان كىشى ئىدى[٦٠].

## 11. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ھېسسىياتىغا ئەھمىيەت بېرەتتى.

ئەر-ئاياللىنىڭ بىر-بىرىگە ھاجىتى چۈشۈشى بىر تۇغما ئىش بولۇپ، ئۇ باشقا ھايۋانلاردەك مەۋسۇمىي بولماستىن، دائىملىق ئىشتۇر. شۇڭا ئايال كىشىنى ئۆزرىلىك ۋاقتىدا تاشلاپ قويماستىن، ئۇنىڭ بىلەن جىمادىن باشقا ھەممە ئىشتا لەززەت ئالسا بولىدۇ. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى مەن ھەيزدار ۋاقتىمدا مېنىڭ يېنىمدا ناماز ئوقۇيتتى، مېنىڭ ئۈستۈمدە يۈگىدىن توقۇلغان قىسقا كىيىم بولۇپ، كىيىمىمنىڭ بىر ئۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېگىپ تۇراتتى[٦١].

## 12. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلى بىلەن ھېسسىياتىنى چۈشقۇرلاشتۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈممىتىگە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن بولۇپ، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىدىن ھەيزدار ئايال بىلەن جىمادىن باشقا ئىش بىلەن لەززەتلىنىش ۋە ئۇلار بىلەن بىللە يېتىپ-قوپۇش، يېمەك-ئىچمەكتە بىرگە بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھالال ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ھەيزدار ئاياللىنىڭ بەدىنىنىڭ پاكىزلىقى قاتارلىقلارنى بىلىۋالايمىز. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ھەيز كۆرىۋاتقان مەزگىلىمدە ماڭا يۆلىنىپ قۇرئان ئوقۇيتتى»[٦٢].

## 13. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن بىرگە يۇيىناتتى.

---

(٤) بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

(١) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام هەر ۋاقىت ئۆز ئەهلىنى خۇشال قىلىشقا هېرىسمەن ئىدى، ئۇ ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ بولغاندىن كېيىنكى كىشىنىڭ پەيلىرى بۇشاپ، هېسسىياتى پەسكويغا چۈشكەن چاغلاردىمۇ، ئۇلار بىلەن بىللە يۇيۇنغاچ، ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئىككىمىز بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ يۇيۇناتتۇق، ئۆز-ئارا سۇ تالىشىپ، (چاقچاق يۈزىسىدىن ) ماڭىمۇ قوي، ماڭىمۇ قوي ! دېيىشىپ كېتەتتۇق.»(٦٣)

## 14. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئاياللىرىنى سۆيۈپ قوياتتى.

هېسسىياتنى چۇڭقۇرلاشتۇرۇپ تۇرۇش، ئاللاهنىڭ مۇيەسسەر قىلىشىدىن كېيىن، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ساغلام داۋاملىشىشى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يۇقىتىدىغان ئەڭ چوڭ سەۋەپتۇر. كىچىك بىر ئىش-هەرىكەت، گەپ-سۆزمۇ ئەهلىڭىزنىڭ كۆڭۈل تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مېهىر-مۇهەببىتىگە ئېرىشىشىڭىزنىڭ سەۋەبى بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام بۇ تەرەپكە ناهايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مېنى سۆيمەكچى بولۇۋىدى، مەن: روزىدار،-دېدىم. ئۇ: مەنمۇ روزىدار، -دېدى. ئاندىن مېنى سۆيۈپ قويدى.»(٦٤)

# پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ ئۆز ئەهلى بىلەن بولغان ئىنسانلىق تەرىپى

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىنسان بولۇپ، ئۇلاردىن پەيغەمبەرلىك بىلەن ئۈستۈن بولغان ۋە رىسالەت خىزمىتى بىلەن شەرەپلەندۈرۈلگەن. ئاللاه تائالا ئۇنى بەندىلەرنى بەندىگە بولغان قۇلچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ياراتقۇچىنىڭ قۇلچىلىقىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، ھەمدە ئۇلارغا شەرىئەتنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. بۇ ئاللاهنىڭ پەزلى بولۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئاللاه مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!(

---

(٣) نەسائىي رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

(١) نەسائىي، ئىبنى هۇزيىمە رىۋايەت قىلغان، سەھىھ.

ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن»[٦٥]. ئۇ بىر ئىنسان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇلۇھىيەتتىن ھېچنىمە يوقتۇر، ئۇ غايىپنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھېچ بىر كىشىگە پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بۇ ئالەمدىكى ھېچبىر نەرسىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «اﷲ خالىمىغان ئىكەن، ئۆزۈمگە پايدا يەتكۈزۈش، زىياننى ئۆزۈمدىن دەپئى قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، (قىيامەتنىڭ قاچان بولۇشىنى قانداقمۇ بىلەي؟) ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام (دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن) نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، زىيان ـ زەخمەتكىمۇ ئۇچرىمىغان بولاتتىم (لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى ـ يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ). مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خۇش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن»[٦٦].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇن-مەرتىۋىسىنىڭ شۇنچە يۇقىرى بولىشىغا قارىماي، ئۆزىنى ئارتۇقچە ئۇلۇغلاشنى رەت قىلغان. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋە ئۇ ئارقىلىق شەرەپلەندۈرگەن ئاللاھقا بولغان قۇللۇق ماقامىغا رازى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ناسارالارنىڭ ئېيسانى ئارتۇقچە باتىل ماختىغىنىدەك ئارتۇقچە ماختىماڭلار، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى، دېيىش بىلەن كۇپايىلىنىڭلار»[٦٧].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرى خۇددى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش، مەڭگۈلۈك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتىمۇ باشقىلارنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ دۇنيادا مەڭگۈ قالماستىن، ۋاپات تاپقان ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ پەيغەمبەرلەر ئۆتتى (ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، بەزىلىرى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن)؛ ئۇ ۋاپات بولسا ياكى

---

(٢) سۈرە كەھف ١١٠-ئايەت.

(٣) سۈرە ئەئراف ١٨٨-ئايەت.

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئۆلتۇرۇلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟ (يەنى ئىماندىن يېنىپ مۇرتەد بولامسىلەر؟) كىمكى ئارقىسىغا يېنىۋالىدىكەن (يەنى مۇرتەد بولىدىكەن)، ئۇ اﷲ قا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. اﷲ شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ»[٦٨]. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇمۇ كېسەل، ئاغرىق-سىلاق بولاتتى ۋە بۇنىڭغا داۋا ئىزدەيتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ قاتتىق قىزىپ كېتىپتۇ. مەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، سەن قاتتىق قىزىپ كېتىپسەن،-دېسەم، ئۇ ماڭا: شۇنداق، مەن سىلەردىن ئىككى كىشى قىزىغان مىقداردا قىزىۋاتىمەن، - دېدى. مەن: ئۇ ساڭا ئىككى كىشىلىك ئەجىر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ؟ - دېسەم، ئۇ: ئەلۋەتتە، شۇنداق. قانداقلىكى بىر مۇسۇلمانغا پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتكەنچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق بىر ئەرزىيەت يەتسە، خۇددى دەرەخ يوپۇرماقلىرى چۈشكەندەك، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، - دېدى.»[٦٩] بۇ ھەدىستىكى، ساڭا ئىككى كىشىلىك ئەجىر بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ؟ دېگەن سۆزدىكى مەنا سەئىد ئىبنى ۋەققاسى رىۋايەت قىلغان ھەدىس ئارقىلىق روشەن بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئەڭ قاتتىق بالاغا گىرىپتار بولىدىغان كىشىلەر كىملەر ؟ دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا: پەيغەمبەرلەر، ئاندىن قالسا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى، ئاندىن قالغانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى. كىشىلەر دىنى باراۋىرىدە سىنىلىدۇ. ئەگەر كىشى دىنىدا چىڭ بولسا، بالاسىمۇ قاتتىق بولىدۇ، ئەگەر ئۇ دىنىدا سۇس بولسا، بالاسى ئاز بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بىر بەندىسىگە بالا ئەۋەتىپ، ئۇنى پاكلاپ، تاكى ئۇ يەر يۈزىدە ھېچ خاتالىقى بولمىغان ھالەتتە ماڭغۇچىلىك سىنايدۇ، -دېدى[٧٠].

**يەنە شۇنداقلا،** ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ياخشى كۆرەتتى ۋە بىزار بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ، بىر نەرسە بېرىشىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
ئۇنىڭغا: «مەندە ساڭا بەرگىدەك بىر نەرسە يوق، لېكىن ماڭا قەرىز بولۇپ تۇرسۇن، كېيىن بىرەر نەرسە كېلىپ قالسا، ساڭا بېرەي» دېدى. ئۆمەر: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ئاللاھ ساڭا كىشىگە نېپىقە

---

(٢) ئال ئىمران سۈرىسى: ١٤٤-ئايەت.
(٣) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(١) سەھىھ. تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

قىلىشنى يۈكلىمىگەن. سەندە بىر نەرسە بولسا بەرگىن، بولمىسا ئۇنىڭ قەرزىنى ئۈستىڭگە ئېلىۋالما، - دېدى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە يۈزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى. ئاندىن ئەنسارلاردىن بىر كىشى قوپۇپ: ساڭا ئاتا-ئانام پىدا بولسۇن، بېرىۋەرگىن، ئاللاھنىڭ مېلىگىنى ئازايتىۋېتىشىدىن ئەنسىرىمە، - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ: «مۇشۇنىڭغا بۇيرۇلغانمەن» دېدى[٧١].

**يەنە شۇنداقلا**، ئۇمۇ خۇشال بولاتتى ۋە قايغۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىسى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈنسىز يىغلىدى. ئەبۇ بەكرى ياكى ئۆمەر ئىككىسىنىڭ بىرسى: سەنمۇ ياش تۆكەمسەن ؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كۆز ياش تۆكىدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، بىز رەببىمىز رازى بولىدىغان سۆزدىن باشقىنى قىلمايمىز. ئەگەر ھەق ۋەدە، ھەممىنى يىغقۇچى قىيامەت كۈنى بولمىغىنىدا، ھەمدە كېيىنكىلەر ئالدىنقىلارغا ئەگەشمىگەن بولسا، بىز ساڭا ھەقىقەتەن قاتتىق قايغۇرغان بولاتتۇق، بىز سېنىڭ ۋاپاتىڭغا قايغۇردۇق. –دېدى.

**يەنە شۇنداقلا**، ئۇمۇ يىغلايتتى ۋە كۈلەتتى

ئۇسامە ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىدىن بىرسىنىڭ بالىسى سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بىزدىن ئېلىۋېلىنغان ۋە بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەر نەرسىنىڭ ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەجىلى باردۇر. ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلىپ سەبىر قىلسۇن، دېگەن گەپنى ئەۋەتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چوقۇم كەلسۇن، دەپ قەسەم قىلىپ تۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېرىپ بالىنى قۇچىقىغا ئالدى، بالا ئۇنىڭ قۇچىقىدا تىترەپ جان تالىشىپ، تولۇمدەك بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغلىدى. ئۇبادە ئىبنى سامىت: سىلىمۇ يىغلامىلا ؟ - دېۋىدى، ئۇ: بۇ ئاللاھ ئىنسانغا بەرگەن رەھمەتتۇر، ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەھىمدىل بەندىلىرىگە رەھىم قىلىدۇ، -دېدى[٧٢].

---

(٢) تەبەرى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان.

(١) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**يەنە شۇنداقلا**، ئۇمۇ خۇشال بولاتتى ۋە ئازاپلىناتتى. جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كېلىشى خەيبەر پەتھىسىگە توغرا كېلىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ: مەن خەيبەرنىڭ فەتھىسىگە خۇشال بولدۇممۇ ياكى جەئفەرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولدۇممۇ بىلمەيمەن، - دېدى[٧٣].

**يەنە شۇنداقلا**، ئۇمۇ سەھۋەنلىك ۋە ئۇنتۇپ قېلىشتىن خالىي بولالمايتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن ياكى ئەسىر نامىزىنىڭ بىرىنى ئىككى رەكئەت ئوقىدى. ئاندىن زۇلىيەدەين ئۇنىڭغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ياكى ناماز قىسقارتىلدىمۇ ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنتۇپمۇ قالمىدىم، نامازمۇ قىسقارتىلمىدى، - دېدى. ئاندىن ئۇ: سەن ھەقىقەتەن نامازنى ئىككى رەكئەت ئوقۇدۇڭ، - دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە يۈزلىنىپ: ئۇنىڭ دېگىنى توغرىمۇ ؟ -دەپ سورىدى. جامائەت: شۇنداق ! – دەپ جاۋاپ بېرىشتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوپۇپ قالغان ئىككى رەكئەتنى ئوقىدى ۋە سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلدى[٧٤].

**يەنە شۇنداقلا**، ئۇمۇ ئېلىم-بىرىم، دۇنيالىق ئىشلىرىدىكى ئىجتىھاتلىرىدا خاتالىقتىن خالىي ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا يەتكۈزۈلگەن ۋەھيى ۋە رىسالەت خىزمىتىدە ئاللاھ ئۇنى بارچە خاتالىقلاردىن ساقلاپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىنى چاڭلاشتۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يېنىدىكىلەردىن: ئۇلار نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا: ئۇلار ئەركەك خورمىنىڭ شېخىنى ئېلىپ چىشى خورمىغا چېتىپ قويىدۇ، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مەن بۇ ئىشنى بىرەر پايدا بېرىدۇ دەپ ئويلىمايمەن، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىلەر بۇنى ئاڭلاپ خورمىنى چاڭلاشتۇرماي تاشلاپ قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى يەتكەندە: ئۇ مېنىڭ پەرىزىم خالاس، پەرىز دېگەن گاھىدا توغرا، گاھىدا خاتا بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشتىن بىرەر پايدا چىقسا، ئۇنى قىلىۋېرىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەممەن.ئەمما قاچانكى سىلەرگە

---

(٢) سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدىن.
(٣) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

«ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ» دېسەم، ھەرگىز ئاللاھنىڭ نامىدىن يالغان گەپ قىلمايمەن، - دەيدۇ[٧٥]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەببىم، مەن بىر ئىنسانمەن، باشقا ئىنسانلاردەك ئاچچىقلىنىپ قالىمەن، مەن ھەقىقەتەن سەندىن زايا بولۇپ كەتمەيدىغان بىر ئەھدىنى سورايمەن، مەن بىرەر مۆئمىنگە ناھەق ئازار بېرىپ، تىللىسام ياكى قامچىلىسام، ئۇنى ئۇنىڭغا كاپارەت قىلىپ بەرگىن، ۋە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ مىزانىدىكى بىر ياخشىلىق قىلىپ بەرگىن.»[٧٦]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر ئىنسانمەن، سىلەر مېنىڭ قېشىمغا دەۋا قىلىپ كېلىسىلەر، مەن ئاڭلىغىنىمغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىمەن، كىمگىكى خاتا ھالدا قېرىندىشىنىڭ ھەققىدىن بىرەر نەرسە بۆلۈپ بەرسەم، ئۇ ئۇنى ئالمىسۇن، ئەگەر ئالسا دوزاق ئوتىدىن بىر پارچە ئالغان بولىدۇ»[٧٧].

**يەنە شۇنداقلا**، ئۇمۇ توي قىلاتتى ۋە پەرزەنتلىك بولۇشنى ئىستەيتتى، ئۇ بۇ جەھەتلەردە بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە باللار بەردۇق، ھەرقانداق پەيغەمبەر اللە نىڭ ئىزنىسىز مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، ھەربىر ۋاقىتنىڭ (ئۆزىگە مۇناسىپ) ھۆكمى بولىدۇ»[٧٨].

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئائىلىسى بىلەن بولغان ئىنسانىي مۇئامىلىسى ئۈچۈن بەزى مىساللارنى كەلتۈرىمىز:

## 1-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلاتتى.

كۈندەشلىك ئىنسانىي تەبىئەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ كۈندەشلىكىگە كەڭ قۇرساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرەتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر

---

(1) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(3) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(4) رەئد سۈرىسى: 38-ئايەت.

ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇنىڭ باشقا ئاياللىرىدىن بىرسى بىر قاچىدا تاماق ئەۋەتتى، ئائىشە تاماق ئەكەلگەن خىزمەتچىنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشىرىۋەتتى، ئاندىن ئۇ قاچا چېقىلىپ، تاماق تۆكۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە تۆكۈلگەن تاماقنى يىغىپ ئالدى، ۋە ئۆيدىكى مېھمانلارغا: ئاناڭلارنىڭ كۈندەشلىكى تۇتۇپ قاپتۇ، دېدى. ھەمدە خىزمەتچىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئائىشەنىڭ ئۆيىدىكى ساق قاچىنى ئۇ چېقىۋەتكەن قاچىنىڭ ئورنىغا بەردى[٧٩].

## 2- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلىگە ۋاپادار ئىدى.

ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، مېھىر-مۇھەببەتنى ئۇنۇتماسلىق بولسا، ئېسىل نەسەبلىك، ياخشى تەبىئەتلىك كىشىنىڭ خىسلىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى دائىم ئەسلەيتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنى ئەسلىگىنىدە ئۇنى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ماختايتتى. بىر كۈنى مېنىڭ كۈندەشلىكىم تۇتۇپ: ئۇنى تولىمۇ ئەسلەيدىكەنلا، ئاللاھ سىلىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگەن تۇرسا ! دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرگىنى يوق، كىشىلەر ماڭا كاپىر بولغاندا ئۇ ماڭا ئىمان ئېيتتى ؛ كىشىلەر مېنى يالغانچىغا چىقارغاندا، ئۇ مېنى تەستىقلىدى ؛ كىشىلەر مەندىن مېلىنى ئايىغاندا ئۇ ئايىمىدى ؛ ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن باشقا ئاياللاردىن پەرزەنت بەرمىدى،- دېدى[٨٠].

## 3-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە كۆڭلى يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى جاھىلىيەت دەۋرىدە بولسۇن، ياكى ئىسلامدا بولسۇن، ئايال كىشىگە قول كۆتۈرگەن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىمۇ باشقا ئائىلىلەرگە ئوخشاش ئىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى، ئەمما ھېچقاچان بىرەر ئايالىنى ئۇرۇپ باققان ياكى تىللاپ باققان ئەمەس.

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(٢) ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، شۇئەيب ئەرناۋۇت سەھىھ دېگەن.

ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقاچان ئايال كىشىنى ئۇرۇپ باقمىغان»[٨١] ئائىشە ئانىمىز يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھېچقاچان خىزمەتكارنى، ئاياللىرىنى ئۇرۇپ باقمىغان. ئاللاھ يولىدىكى جىھادتىن باشقا ۋاقىتتا بىرەر كىشىگە قول كۆتۈرگەن ئەمەس. ئۇنىڭغا ئىككى ئىش تەگلەنسە، گۇناھ بولمىسىلا ئاسىنىنى تاللايتتى. ئەگەر ئۇنىڭدا گۇناھ بولسا، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يىراقراقى بولاتتى. ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا، ھېچقاچان ئۆزى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى. پەقەت ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆككەن كىشىدىن ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى.»[٨٢] نېمىشقا ئۇنداق بولمىسۇن !؟ ئاللاھ ئۇنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئېۋەتكەن تۇرسا ! سەھل بىن سەئىد سائىدىي مۇنداق دەيدۇ: ( ئۇھۇد كۈنى ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇدۇل چىشى چۇشۇپ، دۇبۇلغىسى سۇنۇپ، يۈزلىرى قاناپ كەتكەندە مەنمۇ بار ئىدىم. مەن كىمنىڭ ئۇنىڭ يۈزىدىكى قاننى يۇيغانلىقىنى، يەنە كىمنىڭ سۇ توشۇپ بەرگەنلىكىنى، نېمە بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدە ئېقىۋاتقان قاننى توختاتقانلىقىنى بىلىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ يۈزىنى يۇيغان، ئەلى سۇ توشۇپ بەرگەن ئىدى. فاتىمە دادىسىنىڭ يۈزىدىكى قاننى يۇيۇپ بولۇپ، بورىنى كۆيدۈرۈپ،كۈلىنى جاراھىتىنىڭ ئۈستىگە بېسىپ قاننى توختاتتى. ئۇ كۈنى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ يۈزىنى جاراھەتلەندۈرگەن قەۋمگە قاتتىق غەزەپ قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى رەببىم ! قەۋمىمنى مەغفىرەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ،- دېدى.[٨٣]

## 4- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلىگە كۆيۈمچان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز ئايال بىلەن نىكاھلىنىشىدا، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق سەۋەبى بولۇپ، بۇ سەۋەبلەردىن ئۇلارغا رەھىم قىلىش، ھېسداشلىق قىلىش، ۋە ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلار ئۇچرايدىغان تۈرلۈك بېسىم ۋە قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇشلار بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋدە بىنتى زەمئە بىلەن توي قىلىشى ئەنە شۇ سەۋەپتىن ئىدى. سەۋدە ئەينى ۋاقىتتا 55 ياش (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 50 ياش )

---

(٣) سەھىھ. ئىبنى ھىببان، بەيھەقىي ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلغان.
(١) سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى.
(٢) سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى.

بولۇپ، بەش بالىسى بار ئىدى. ئەرلەرنى قىزىقتۇرغىدەك چىرايلىقمۇ ئەمەس ئىدى. مەككە ئەھلى بۇ تويغا ئەجەپلىنىشتى، لېكىن ئۇ بۇ توينى پەقەت سەۋدە ئانىمىز ھەبەشىستان ھىجرىتىدىن قايتىپ كېلىپ، يولدىشى ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەسەللى ۋە ياردەم بولۇشى يۈزىسىدىن قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ياشىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن تالاق قىلماقچى بولدى، لېكىن ئۇ: مېنى تالاق قىلمىغىن، مەن نۆۋىتىمنى ئائىشەگە بېرەي،- دېدى ۋە شۇنداق قىلدى. ئاندىن ئاللاھنىڭ: «ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا كېلىشىشى گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش ( ئۆزلىشىپ كېتىشتىن ) ياخشى»، دېگەن ئايىتى چۈشتى. سەۋدە ئانىمىز پەقەت ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئايالى بولۇشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى.(٨٤)

## 5-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە رەھىمدىل ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە تورۇسقا چىگىلگەن ئۇزۇن ئارغامچىنى كۆرۈپ: بۇ نېمە ئارغامچا ؟ - دەپ سورىدى. ئەتراپتىكىلەر: ئۇ زەينەپنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ) ناماز ئوقۇپ ھېرىپ قالسا، ئۇ ئارغامچىنى تارتىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: ئۇنى يېشىۋېتىڭلار ! سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى قادىر بولالىغان مىقداردا ناماز ئوقۇسۇن ( نەپلە ناماز )، ھېرىپ كەتسە ئولتۇرىۋالسۇن ! – دېدى(٨٥) .

بۇ دىن ئىلاھىي دىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ئۆزلىرى قادىر بولالمايدىغان ئېغىر ئىبادەتلەرنى ئۆزلىرىگە يۈكلىۋېلىپ، باشقا ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇ ئىبادەتكە تولۇق يۈزلىنىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن دۇنيانىڭ جىمى لەززىتىنى تەرك ئەتكەن بىر ساھابىگە: سېنىڭ كۆزۈڭنىڭ، بەدىنىڭنىڭ، ئايالىڭنىڭ، دوستۇڭنىڭ، مېھمىنىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستىڭدە ھەققى باردۇر، - دېگەن.(٨٦)

## 6- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى رازى قىلاتتى

---

(١) تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(٣) نەسائىي رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەپۇچان بىرى ئىدى، بولۇپمۇ ئۆز ئەھلىدىن يەتكەن شەرىئەتكە مۇخالىپ بولمىغان ئەرزىيەتلەرگە سەبىر قىلاتتى، پەقەتلا كۆلۈمسىرەپ قوياتتى. تۆۋەندىكى ۋەقەلىك بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ:

ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ گەپ قىلغىلى تۇردى، بۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاڭلاپ قېلىپ ئۆيگە كىردى، ھەمدە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە ئاۋازىڭنى كۆتۈرگىنىڭنى بىر كۆرەي، - دېگىنىچە ئۇنى كاچاتلىغىلى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزنى بەدىنى بىلەن تۇسۇۋېلىپ ئۇرغىلى قويمىدى. ئەبۇ بەكرى ئاچچىقلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزغا: قېنى كۆردۈڭمۇ ؟ سېنى قوغداپ قالدىم، - دېدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ، يارىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: سىلەرنىڭ ئۇرۇشقىنىڭلار ئۈستىگە كىرگەندىم، ئەمدى يارىشىۋاپسىلەر، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۇنداق، شۇنداق. يارىشىۋالدۇق، - دېدى.[٨٧]

## 7-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلە ئۇسلۇبلىرىدىن: باشقىلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش، كۆيۈمچانلىق ۋە مۇلايىملىق قاتارلىقلار بار. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەئرابىي كېلىپ مەسچىتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىچىك تەرەت قىلغىلى تۇردى، ساھابىلەر يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ئۇنى تۇسماقچى بولۇشىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى توسۇپ: ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغىلى قويۇڭلار، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر چېلەك سۇ تۆكۈۋېتىڭلار، سىلەر قىيىنلاشتۇرغۇچى ئەمەس، ئاسانلاشتۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلدىڭلار، - دېدى[٨٨].

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

(٢) سەھىھ. ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلىگە ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھەفسە ئىككىمىزگە تاماق ھەدىيە قىلىندى، ھالبۇكى بىز روزىدار ئىدۇق. ئاندىن ئىككىمىزنىڭ ئۇنى يېگۈمىز كېلىپ، ئىچىمىزدە ئۆزىمىزنى ئىچقۇەتمەيلىمۇ دېيىشىپ، روزىمىزنى بۇزۇپ ئۇ تاماقنى يېدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىزگە تاماق ھەدىيە قىلىنىۋىدى، يېگۈمىز كېلىپ روزىمىزنى بۇزىۋەتتۇق، - دېدىم. ئۇ بىزگە: ھېچقىسى يوق، بۇ كۈننىڭ ئورنىغا باشقا كۈنى روزا تۇتۇڭلار، - دېدى(٨٩).

## 8- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

كىشى ئۆز قولى بىلەن ئاياللىنىڭ ئاغزىغا بىر لوقما تائام سالسا، ياكى سۇ ئىچكۈزۈپ قويسا، ئاياللىنىڭ ياخشى كۆرىشىگە ئېرىشىپلا قالماستىن، يەنە سەدىقىنىڭ ساۋابىغىمۇ ئېرىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پايدىنى تەڭ قازىنىپ، ئايالى بىلەن ھېسسىياتى چوڭقۇرلىشىدۇ، ئىناقلىق كۈچىيىدۇ. ئۆز ئەھلىگە خاتىرجەملىك بېغىشلاپ، ئايالى بىلەن ئارامبەخش تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ يولىدا قانداقلا نەپىقە قىلمىغىن، چوقۇم ئۇنىڭ ئەجرىنى كۆرىسەن، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويغان لوقمىدىمۇ ھەم شۇنداق(٩٠).

## 9- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىدىن زېرىكمەيتتى.

باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش كىشىنىڭ قەلبىنىڭ پاكىزلىقى، ئىچكى دۇنياسىنىڭ ساپلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن بولمىغان خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا بېسىم قىلىپ، ئۇسال قىلمايتتى. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سەپەردە ئۇلاتى جېيش دېگەن يەرگە چۈشكەن قىلدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئائىشە ئانىمىز بار ئىدى.

---

(٣) ئىبنى ھىببان، ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى زەئىپ دېگەن. شۇئەيب ئەرناۋۇت: ئىسنادى مۇسلىمنىڭ شەرتىگە چۈشىدۇ، دېگەن.

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئائىشە ئانىمىز يەمەندە ياسالغان مونچىقنى چۈشۈرۈپ قويدى. كىشىلەر ئۇنى ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، تاڭ يورۇپ كەتكىلى ئازلا قالدى. ھالبۇكى، ئۇلاردا تاھارەت ئالغىدەك سۇمۇ يوق ئىدى. ئەبۇ بەكىر ئائىشەگە: كىشىلەرنى ئاۋارە قىلىپ ئۇلارنى تاھارەت ئېلىشتى توسۇپ قويدۇڭ، دەپ كايىغىلى تۇردى. ئاندىن ئاللاھ تائالا تەيەممۇم ئايىتىنى چۈشۈردى. كىشىلەر پاك تۇپراققا قولىنى ئۇرۇشۇپ، تەيەممۇم قىلىپ بامدات نامىزىنى ئوقىدى[٩١].

## 10- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلى ئۈچۈن ئۆزىنى زىننەتلەپ، خۇشپۇراق ئىشلىتەتتى ۋە ئۆزىنى پاكىز تۇتاتتى.

كىشىنىڭ نەپسى چىرايلىق جامالنى ياقتۇرىدۇ، ئۇ كۆڭۈلنى راھەت قىلىپ، كىشىنى خۇش قىلىدۇ. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: مەن ھازىرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاچلىرىنىڭ ئاستىدىكى مىسكىنىڭ پارقىراۋاتقىنىنى كۆرگەندەك بولىۋاتىمەن[٩٢]. ئائىشە ئانىمىز يەنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلىنىڭ قېشىلىرىغا كىرگەندە قانداق قىلاتتى، دەپ سورالغاندا: ئالدى بىلەن ئاغزىغا مىسۋاك قىلاتتى، دەپ جاۋاپ بەرگەن[٩٣]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت پاكىز يۈرەتتى، ھېچقاچان تاھارەتسىز ئۇخلىمايتتى. ئۇنىڭغا ئون يىل خىزمەت قىلىش بىلەن شەرەپلەنگەن خىزمەتچىسى ئەنەس بىن مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ بەكراق خۇشبۇي پۇرايدىغان ئەنبەر ياكى باشقا نەرسىنى پۇراپ باقمىدىم. ئۇنىڭ ئالقىنى يىپەك، تاۋار-دۇردۇندىنمۇ بەكراق يۇمشاق ئىدى[٩٤].

## 11- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلاتتى.

ھايا خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەندەك، كىشىنى دىنني ئەمىلىدىن قويۇپ قويمىسىلا، پەقەت ياخشىلىقلا ئېلىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئەھلىلىرىگە كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىشى ھەمدە ئائىلىۋى بەختكە

---

(٢) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائىي رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
(٣) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(١) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئېرىشىشلىرى ئۈچۈن، ئۆز ھېسسىياتىنى ئاشكارا ئىپادىلەيتتى. ئەمىر ئىبنى ئاس مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئىنسانلاردىن كىم ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا: ئائىشە، - دەپ جاۋاپ بەردى. مەن: ئەرلەردىنچۇ ؟ - دەپ سورىسام، ئۇ: ئۇنىڭ دادىسى، -دەپ جاۋاپ بەردى. مەن: ئاندىنچۇ؟ - دېسەم، ئۇ: ئۆمەر، - دېدى. ئاندىن يەنە بىر نەچچە كىشىنى ساناپ بەردى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا زىكىر قىلىنىشىمدىن قورقۇپ داۋاملىق سوراشقا پېتىنالمىدىم(٩٥).

## 12- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى خەتەردىن قوغدايتتى.

قورقۇش بىر ئىنسانىي تەبىئەت، ئەمما ئارتۇقچە قورقۇش، ئەندىشە بولسا بىر كېسەللىك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە بىرەر خېيىم-خەتەر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇلارنى قوغدايتتى. ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېتىپ باراتتى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر تۆگىگە مىنگەن ئىدى. تۆگە بىر يەرگە كەلگەندە مۈدۈرۈلۈپ كەتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى تۆگىدىن يىقىلىپ چۈشتى. ئەبۇ تەلھە چاققانلىق بىلەن تۆگىسىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ! جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن. ساڭا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، لېكىن ئايالىمغا قاراپ باققىن، - دېدى. ئەبۇ تەلھە كېيىمى بىلەن بېشىنى ئوراپ سەفىيەنىڭ قېشىغا باردى ۋە كېيىمنى سەفىيەنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى، سەفىيە ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدىن تۇردى. ئەبۇ تەلھە تۆگىنى قايتىدىن راسلاپ بېرىۋىدى، ئۇلار ئىككىسى تۆگىگە مىندى(٩٦).

## 13- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ئىناقلىق تېپىشىغا ھېرىسمەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ياخشىلىقىغا ھېرىسمەن ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرۈپ، جەننەتكە كىرگۈزۈپ، دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەقىقىي ئىناقلىق تېپىشىغا ھېرىسمەن ئىدى.

---

(٣) بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.
(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

بۇ نىجاتلىق توغرىلۇق ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىرجان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزاختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)»[٩٧].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە ياخشىلىقنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ يولىغا باشلاپ قويياتتى. ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۆچۈپ ئويغاندى ۋە «ئاللاھ نېمە دېگەن بۈيۈك رەھمەتنى ۋە نېمە دېگەن بۈيۈك پىتنىنى چۈشۈردى ! ئى ھۇجرا ئىگىلىرى ( ئى ئاياللىرىم ) ! كىم ناماز ئۈچۈن ئويغىنىدۇ ؟ ( يەنە بىر رىۋايەتتە نامازغا ئويغىنىڭلار، دەپ كەلگەن ) بۇ دۇنيادىكى قانچىلىغان تون ئىگىلىرى ( دۆلەتمەن ۋە نېمەت ئىگىلىرى ) ئاخىرەتتە يالىڭاچ قالمايدۇ ؟ ! (پۈتۈن نېمەتتىن قۇرۇق قالىدۇ )»، - دېدى[٩٨].

## 14-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ قېشىغا تۇيۇقسىز كىرىپ ئۇلارنى ئوڭايسىزلاندۇرمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارتۇقچە گۇمان ۋە ھەددىدىن ئاشقان كۆنلەمچىلىكنى يامان كۆرەتتى. ئۆز ئەھلىگە بولغان مۇھەببەت رىشتىسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەڭ ياخشى ۋە چىرايلىق ھالىتىدە كۆرۈشنى ئىستەيتتى. شۇڭلاشقا، قاچانكى بىرەر ئۇزۇن سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئەھلىنىڭ قېشىغا تۇيۇقسىز كىرمەستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى پاكىزلاپ، زىننەتلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قارشى ئېلىشقا تەييارلىنىۋېلىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئالدىن خەۋەر قىلىپ قويياتتى. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرەر سەپەردىن بىللە قايىتساق، ئۆيىمىزگە كىرمەكچى بولغىنىمىزدا، ئۇ بىزگە: «ئازراق ۋاقىت بېرىڭلار، ئاياللار چېچىنى تارىۋالسۇن، ئېرى سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئاياللار ئۆزلىرىنى ئەرلىرى ئۈچۈن تۈزەشتۈرىۋالسۇن» دەيتتى.

---

(٢) ئال ئىمران سۈرىسى: 185-ئايەت.
(٣) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## 15- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشىلىقنى ئۆزىدىن ئەھلىگە ئەلا بىلەتتى.

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەرد قىلىپ ياراتقان ئىدى. ئۇ دائىم ئۆز ئەھلىنىڭ مەنپەتىنى ئەلا بىلىپ، ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان ياخشى نەرسىلەرنى ئۇلارغا بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىرەرسىڭلارغا ياخشىلىق ئاتا قىلسا، ئۇنى نەپىقە قىلىشنى ئۆزى ۋە ئۆز ئەھلىدىن باشلىسۇن.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى قۇرۇق شۇئار بولماستىن، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغان ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئانام مەندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر قاچا ھۆل خورما ئېۋەتتى، ئۇ خورمىدىن بىر ئۇچۇم ئېلىپ بەزى ئاياللىرىغا ئېۋەتتى، يەنە بىر ئۇچۇم ئېلىپ يەنە باشقا ئاياللىرىغا ئېۋەتتى. ئۇ يەنە بىر قانچە ئۇچۇم ئېلىپ شۇنداق قىلدى. ھالبۇكى ئۇنىڭمۇ بۇ خورمىدىن يېگۈسى بار ئىدى(٩٩).

## 16-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە كەمتەر ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا: «كىم ئاللاھ ئۈچۈن كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ شەنىنى كۆتۈرىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ھەمدە ئۆزى ھەممە كىشىگە نىسبەتەن بۇنى تەدبىقلىغان ئىدى، بولۇپمۇ ئۆز ئەھلىگە بەكمۇ كەمتەر ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەردىن ئايالى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىللە قايتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى تۆگىگە مىنمەكچى بولغاندا، ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا تىزىنى تىكلەپ بەرگەنلىكىنى كۆردۈم. سەفىييە ئۇنىڭ تىزىغا دەسسەپ تۆگىگە مىندى.»(١٠٠)

## 17- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ كۈندەشلىك ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇلار كۈندەشلىك قىلغاندا ئۇلارغا ئاچچىقلىمايتتى، ئۇلار كۈندەشلىك سەۋەبىدىن بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇلارنى ئەيىبلەپ سەتلىمەيتتى. ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى توغرا چۈشىنىپ، ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرەتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

(١) ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

(٢) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئائشه رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇنىڭ باشقا ئاياللىرىدىن بىرسى بىر قاچىدا تاماق ئەۋەتتى، ئائىشە تاماق ئەكەلگەن خىزمەتچىنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشىرىۋەتتى، ئاندىن ئۇ قاچا چېقىلىپ، تاماق تۆكۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچىنىڭ سۇنۇقلىرى ۋە تۆكۈلگەن تاماقنى يىغىپ ئالدى، ۋە ئۆيىدىكى مېھمانلارغا: ئاناڭلارنىڭ كۈندەشلىكى تۇتۇپ قاپتۇ، سىلەر يەۋېرىڭلار، - دېدى. ھەمدە خىزمەتچىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئائىشەنىڭ ئۆيىدىكى ساق قاچىنى ئۇ چېقىۋەتكەن قاچىنىڭ ئورنىغا بەردى[١٠١].

## 18-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ پىسخىك ھالىتىنى چۈشىنەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇلايىم، كۆيۈمچانلىقى ۋە ئۆز ئەھلى بىلەن دائىملىق ئەسرا بولۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئەھلىنىڭ كۆڭۈل ھېس-تۇيغۇلىرىنى چۈشىنىشكە ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ توغرا قارار ئېلىشىغا مۇيەسسەر قىلغان ئىدى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ مەندىن رازى بولغان ياكى ماڭا ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭنى بىلىۋالالايمەن، دېدى. مەن: قانداقسىگە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ؟ - دېدىم. ئۇ ماڭا: سەن مەندىن رازى، خۇشال بولساڭ، مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، دەيسەن. ئەگەر مەندىن نارازى، خاپا بولساڭ، ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، دەيسەن، - دېدى. مەن: ھەقىقەتەن شۇنداق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئاغزىمدىن شۇنداق چىقىپ كېتىپ قالىدۇ، مېنىڭ ساڭا ئاچچىقلىنىشىم مېنى بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشقا ئاپىرالمايدۇ. – دېدىم[١٠٢].

## 19- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە ئادىل ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلى ئارىسىدا، ھەممە ئىشتا ناھايىتى ئادىل ئىدى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئارىمىزدا كۈننى تەقسىم قىلىشتا ناھايىتى ئادىل ئىدى، ھەر كۈنى ھەممە ئاياللىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن بىرگە بولماستىن، ھاجەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى يوقلاپ كېلەتتى، كىمنىڭ نۆۋىتى كەلسە شۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى. ھەتتا

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(٢) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

كېسەل بولۇپ قالغاندىمۇ ئادىللىقنى تەرك ئەتمىگەن ئىدى. ( ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن ) ئائىشە ئانىمىز يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈنى ۋاپات تاپقۇزغان ئاغرىقىدا ئائىشەنىڭ ئۆيىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئەتە كىمنىڭ نۆۋىتى ؟ - دەپ سوراۋەردى، ئاياللىرى ئۇنىڭغا خالىغان يېرىدە تۇرۇشقا ئىزىن بېرىشتى، ئاندىن ئۇ تاكى ۋاپات بولغىچە ئائىشەنىڭ ئۆيىدە تۇردى.»(١٠٣)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلى بىلەن بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشى

### 1- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە مېھرىبان، شەپقەتلىك ئىدى.

مېھرىبانلىق ھەر ئىشنىڭ زىننىتىدۇر. قاچانكى بىر ئىشتا مېھرىبانلىق بولمايدىكەن، ئۇ قەبىھ ئىشتۇر. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن ئىلاھىي كۆرسەتمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ئىشتا رەھىمدىل، مېھرىبان ئىدى، ئۆز ئەھلىنى مېھرىبان بولۇشقا بۇيرۇيتتى، ئۇلارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلمايتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە، مۇلايىم، مېھرىبان بولغىن. ئاللاھ تائالا بىرەر ئائىلىگە رەھمەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلارنى ئۆز-ئارا رەھىمدىل، مېھرىبان قىلىدۇ.»(١٠٤)

### 2- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل ئەخلاقلىرىدىن: ئۆز ئەھلىنىڭ خىزمىتىدىن باش تارتمايتتى، ھەمدە ئۇلارنىڭ بەزى ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرەتتى. ئائىشە ئانىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە نېمە ئىشلارنى قىلاتتى ؟ - دەپ سورالغاندا: ئايىقىنى ياماپتتى، ھەمدە ئەركىشى ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى، - دەپ جاۋاپ بەرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە:

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(٢) ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

سىلەردىن ئەركىشى ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى، ئايىقىنى ياماپتتى، كىيىمگە ياماق سالاتتى، دەپ كەلگەن.[١٠٥]

## 3- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى.

ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ھاجىتى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلىپ، ئاياللىرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتەتتى. ئائىشە ئانىمىز بۇ ھەقتە سورالغاندا: ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش بىرى ئىدى، كىيىمىدىكى پىتنى ئۆلتۈرەتتى، قوي ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى، - دەپ جاۋاپ بەرگەن[١٠٦].

## 4-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە نەپىقە-چىقىم قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى مەرھەمەتلىك، سېخىي بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ، سېخىيدۇر، سېخىيلارنى ياخشى كۆرىدۇ»[١٠٧]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنى ئۆز ئەھلىلىرىگە چىقىم قىلىشقا، ئۇنى كىچىك سانىماسلىققا ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ: سەن ئاللاھ يولىدا سەرىپ قىلىنغان بىر دىنار، قۇل ئازاد قىلىشىڭ ئۈچۈن سەرىپ قىلغان بىر دىنار، سەن پېقىرغا سەدىقە قىلغان بىر دىنار، ئەھلىڭ ئۈچۈن سەرىپ قىلغان بىر دىنار، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەجىر جەھەتتە ئەڭ بۈيۈكى سەن ئەھلىڭگە چىقىم قىلغىنىڭدۇر»[١٠٨]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر كىشىنىڭ ئۆز ئەھلىگە بولغان مەجبۇرىيەتلىرى توغرىلۇق سورىغاندا مۇنداق دەيدۇ: ئۆزۈڭ يېگەندىن يېگۈزۈشىڭ، ئۆزۈڭ كىيگەندىن كىيگۈزۈشىڭ» دەپ جاۋاپ بەرگەن[١٠٩].

## 5- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ راھىتىنى ئىستەيتتى.

---

(٣) سەھىھ. بۇخارى «ئاداب ئەلمۇفرەد» تە رىۋايەت قىلغان.

(١) سەھىھ. بۇخارى «ئاداب ئەلمۇفرەد» تە رىۋايەت قىلغان.
(٢) سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 1376-ھەدىس.
(٣) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(٤) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائىي، ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەر ۋاقىت ئۆز ئەھلىگە ئاسانلىق ۋە راھەت ئىزدەيتتى، بولۇپمۇ قىيىنچىلىق پەيتى بولغان سەپەردە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاياللىرىنى ئېلىپ بىر سەپەرگە چىققان ئىدى، ئۇلار ئولتۇرغان تۆگىنى ئەنجەشە ئىسىملىك بىر خىزمەتچى ھەيدىگەن بولۇپ، ئۇ تۇۋلاپ تۆگىلەرنى تېز ھەيدىگىلى تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنى كۆرۈپ: ئاستىراق ھەيدىگىن، ئى ئەنجەشە ! قاچىلارنى سۇندۇرۇپ قويىسەن، - دېدى. ( قاچىلاردىن مەقسەت ئاياللىرى بولۇپ، بەزىلەر ئاياللارنىڭ ئاجىز بولغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇنداق دېگەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئاياللارنىڭ ئاۋازى ئەينەك قاچا شېشىلەردەك سۇزۇك بولغانلىقى ئۈچۈن دەيدۇ، ئاللاھ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر ) بۇنىڭ سەۋەبى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاياللىرى تۆگىگە ئارتىلغان كاجۇ ئىچىدە ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تۆگىلەر تېز ھەيدەلسە ئاياللىرىغا بىرەر مالامەت يېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق دېگەن.

## 6 - پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆز ئەھلىدىن سادىر بولغان خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ خاتالىقىرىغا مەرتلىك بىلەن، ئۇلارنىڭ قوپاللىقلىرىغا ئوچۇق چىراي بىلەن يۈزلىنەتتى. ئۇلاردىن شەرىئەتكە مۇخالىپ كەلمەيدىغان خاتالىق ئۆتۈلسە، ئەپۇچانلىق بىلەن كۆرمەسكە سالاتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇرەيش خەلقى ئاياللارغا گېپىمىز ئۆتىدىغان ئادەملەر ئىدۇق، مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلسەك، مەدىنىلىك ئاياللار ئەرلىرىگە گېپىنى ئۆتكۈزەلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ئۇلارنى ئاياللىرىدىن بۇ ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى،بىر كۈنى قارىسام ئايالىم ماڭا گەپ ياندۇرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ماڭا گەپ ياندۇرغانلىقىنى غەلىتە ھېس قىلدىم. ئايالىم: مەن ساڭا جاۋاپ ياندۇرسام ئەجەپ غەلىتە ھېس قىلىپ كەتتىڭغۇ ؟! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا بىر كېچە – كۈندۈز گەپ قىلمايدىكەن،- دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بېرىپ ھەفسەدىن: سەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا جاۋاپ ياندۇرامسەن ؟- دېدىم. ئۇ: ھەئە، - دېدى. مەن: ھەتتا

سىلەرنىڭ بىرىڭلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كېچە – كۈندۈز گەپ قىلمايدىغان ئەھۋالمۇ بارمۇ ؟- دەپ سورىدىم. ئۇ: ھەئە، - دېدى. مەن: سىلەردىن بۇنداق قىلغۇچىلار قاتتىق زىيان تارتقۇچىدۇر، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئاچچىقلانغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزەپلىنىشىدىن خاتىرجەم بولالامدۇ ؟ ئەگەر شۇنداق بولغاندا، ئۇ ئايال ھەقىقەتەن ھالاك بولىدۇ، دېگەن گەپ. سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ ياندۇرما، بىرەر نەرسىگە ھاجىتىڭ بولسا، ئۇنىڭدىن سورىماي مەندىن سورا، - دېدىم.(١١٠)

### 7- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ قىزىقىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ قىزىقىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئۇلارنى بەختلىك قىلىشقا ئالدىرايتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ھەممە ئاياللىرىنىڭ كۇنىيىتى بار ئىكەن، مېنىڭلا يوق، - دېسەم، ئۇ ماڭا: ئوغلۇڭ ( جىيەنىڭ ) ئابدۇللاھ بىلەن كۇنىيەتلەنگىن، سەن ئۇممۇ ئابدۇللاھ سەن، - دېدى(١١١).

### 8 - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ كېسەللىكلىرىگە داۋا قىلاتتى.

ئىنسان بىرسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ئاسرىشىغا مۇھتاج، بولۇپمۇ كېسەل ۋاقىتلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ نوقتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئاياللىرى كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە، كۆڭلىنى تىنىچلاندۇرۇشقا ھېرىس بولغان ئىدى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئاغرىپ قالغاندا، ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ سۈفلەپ قوياتتى، ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئاغرىپ يېتىپ قالغاندا، مەن ئۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭ قولىغا سۈفلەپ، ئاندىن

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(١) بۇخارى «ئەدەبۇل مۇفرەد» تە رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئۇنىڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ بەدىگە سۈردۈم، چۈنكى ئۇنىڭ قولى مېنىڭكىدىن بەرىكەتلىك ئىدى[١١٢].

## 9- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقى، ئالدىراشلىقىغا قارىماستىن، ئۆز ئەھلىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلارنى تاشلاپ قويمايتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىدىن كېيىن، ئۆز ئورنىدا ئولتۇراتتى، كىشىلەر ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرىشاتتى. كۈن چىققاندا ئۇلاردىن ئايرىلىپ،ئاياللىرىنىڭ قېشىغا بىر – بىرلەپ بېرىپ، ئۇلارغا سالام قىلاتتى. ئاندىن كىمنىڭ نۆۋىتى كەلگەن بولسا، شۇنىڭ قېشىدا بولاتتى[١١٣].

## 10- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلى بىلەن كېڭەشەتتى ۋە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى.

كېڭىشىش ۋە مەسلىھەتلىشىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىتى ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كېڭىشىپ ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پايدىلىق ئوي-پىكىرلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىناتتى. ئۇلارنى ئۆممەتنىڭ غېمىگە ئورتاقلاشتۇراتتى. بۇ ئارقىلىق، ئاللاھ ۋەھيي چۈشۈرمىگەن ئىشلاردا توغرا قارار ئېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيىر مەرۋان ئىبنى ھەكەم ۋە مىسۋەر ئىبنى مەخرەمەنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسى توغرىلۇق مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە: «ئەي كىشىلەر، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، ئاندىن چېچىڭلارنى چۈشۈرۈپ، ئېھرامدىن چىقىڭلار» دېدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بىرمۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرمىدى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم دېسىمۇ، ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. سۈلھى ئۇلارغا ئېغىر كەلگەن ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا: كىشىلەرنىڭ قىلغىنىنى كۆرمەمسەن، بۇيرۇقىمنى ئاڭلاشمىدى، -

---

(٢) مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. كېسەلگە ۋە سېھىر، جىن چاپلىشىشلارغا شەرئىي داۋا قىلىش يوللىرى ئۈچۈن: http:www.youtube.com/watch?v=LeCNkivtfok نى زىيارەت قىلىڭ.

(٣) تەبەرانى ئەۋسەتتە رىۋايەت قىلغان.

دېدى. ئۇممۇ سەلەمە: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇلارغا مالامەت قىلمىغىن، سېنىڭ قىلغان سۆلھىيىڭ ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. سىرتقا چىققىن، ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن، قۇربانلىقنى بوغۇزلا ۋە چېچىڭنى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىققىن. شۇنداق قىلساڭ كىشىلەر سەن قىلغاننى قىلىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمە دېگەندەك، ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن قۇربانلىقنى بوغۇزلىدى، ۋە چېچىنى چۈشۈرۈپ، ئېھرامدىن چىقتى. كىشىلەر بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلىشتى. بەزىلەر چېچىنى چۈشۈردى، بەزىلەر قىسقارتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئاللاھىم، چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن، دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا: قىسقارتقانلارغىمۇ، ئى رەسۇلۇللاھ، - دېيىلدى. تاكى ئۈچىنچى قېتىمدا: ۋە قىسقارتقانلارغىمۇ مەغفىرەت قىلغىن، - دېدى[١١٤].

## 11- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئۇلاردىن ئىزنىن سورايتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ سۆزلىرى ھەقتۇر ! ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن»[١١٥]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ ئۆز ئەھلى ئارىسىدا ئادىل ئىدى، ئۇلاردىن ئىزنىن سورىماستىن تەرك ئەتمەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى زايا قىلىۋەتمەيتتى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاغرىپ قالغاندا ئاياللىرىنى يىغدى ۋە ئۇلارغا: مەن ھەر بىرىڭلارنى ئايلىنىشقا قادىر بولالمىدىم ( بولالمايمەن )، ئەگەر مۇناسىپ كۆرسەڭلار ئائىشەنىڭ قېشىدا تۇرۇشۇمغا ئىجازەت بەرسەڭلار ! – دېدى. ئاياللىرى ئۇنىڭغا ئىزنىن بەردى[١١٦].

## 12- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى بەختلىك، خۇشال-خورام قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

كىشىلەرنى، بولۇپمۇ يېقىن تۇغقانلىرىنى بەختلىك، خۇشال-خۇرام قىلىش بىر شەرئىي تەلەپ. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر

---

(١) بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(٢) قەلەم سۈرىسى: 4-ئايەت.
(١) ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا، ماڭا دۇئا قىلغىن، دېسەم، ئۇ: ئى ئاللاھ، ئائىشەنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى، ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن گۇناھلىرىنىڭ ھەممىنى مەغفىرەت قىلغىن، - دەپ دۇئا قىلدى. مەن ھەتتا بېشىم ئېگىلىپ يۇتامغا تەگكۈدەك بولۇپ كۈلۈپ كەتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: مېنىڭ قىلغان دۇئايىم سېنى خۇشال قىلمىدىمۇ ؟ - دېدى. مەن: نېمىشقا خۇشال قىلمىغۇدەك ؟! دېسەم: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدا، ئۈممىتىم ئۈچۈن مۇشۇ دۇئانى قىلىمەن، - دېدى[١١٧].

## 13- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە ئەدەپ ئۆگىتەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە مۇلايىم ۋە قىزغىن بولۇش بىلەن بىرگە، ھەممە ئىشلىرىدا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلاتتى. ئەگەر ئەھلىدىن كۆز يۇمسا بولمىغىدەك خاتالىق ئۆتسە، ئۇلارنى ئۇ خاتالىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇتۇش، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن چەكلەش يولىنى تۇتقان ئىدى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (سەفىييە توغىرلىق ): قويسىلا ئۇ پاكىنەكنى، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن ھەقىقەتەن بىر سۆزنى قىلدىڭكى، ئەگەر ئۇ دېڭىز ئارلاشتۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ئۇنى بۇلغاشقا يېتەتتى،– دېدى[١١٨].

## 14- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىدە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن: ئۆز ئەھلىدە يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى شەرىئەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك يوللىرى بىلەن، ئەگەر ئۇ شەرىئەتكە ئالاقىدار بولمىسا، ئەقلىي ۋە مەنتىقىلىق سۆزلەر بىلەن ھەل قىلاتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: سەفىييەگە ھەفسەنىڭ ئۇنى «يەھۇدىينىڭ قىزى» دېگەنلىكى يەتتى. ئۇ شۇ سەۋەپلىك يىغلاپ ئولتۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن: نېمىگە يىغلايسىز ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ: ھەفسە مېنى يەھۇدىينىڭ قىزى دېدى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرنىڭ قىزى، تاغىڭىزمۇ پەيغەمبەر،

---

(٢) ئىبنى ھىببان، ھاكىم توپلىغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

(٣) ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئېرىڭىزمۇ پەيغەمبەر تۇرسا، ئۇ نېمە بىلەن سىزگە پەخىر قىلىدۇ؟!- دېدى. ئاندىن ھەفسەگە: ئى ھەفسە، ئاللاھتىن قورقۇڭ، - دېدى.

## 15- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلاتتى.

خاتالىق دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ كۈندىلىك ئائىلە تۇرمۇشىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇنداق ۋاقىتتا قارشى تەرەپنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش بولسا، ساپ قەلب ۋە ياخشى تەبىئەتنىڭ ئىپادىسى. بۇ جەھەتتە كىممۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتەلىسۇن ؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنى ساقلاپ تۇراتتى، ئائىشە كېچىكىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: نېمىشقا كېچىكتىڭ ؟ - دەپ سورىدى. ئائىشە: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن بىرسىنىڭ قىرائىتىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قاپتىمەن. مەن ھېچقاچان ئۇنىڭدەك چىرايلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ باقمىغان، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ كىشىنىڭ قىرائىتىنى ئۇزۇن ئاڭلىغاندىن كېيىن: بۇ ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازاد گەردىسى سالىم، ئۈممىتىمدە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرسىنى بار قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، - دېدى(١١٩).

## 16-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىنى خۇشال قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە ئۇلارنى خۇشال، خاتىرجەم قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئاڭلىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سەن مېنىڭ ئىككىلا دۇنيادا ئايالىم بولۇشقا رازى بولمامسەن ؟ - دېدى. مەن: ئەلۋەتتە رازى بولىمەن، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن مېنىڭ ئىككىلا دۇنيادىكى ئايالىم سەن، - دېدى(١٢٠).

## 17- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە مېھرىبان ۋە مۇلايىم ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەتراپىدىكىلەرگە ناھايىتى مۇلايىم ۋە مېھرىبان ئىدى، ئۇلارغا ئېسىل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا

---

(١) بەززار، ھەيسەمىي توپلىغان. ئىسنادى سەھىھ.

(2) ھاكىم «مۇستەدرەك» تە رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئىگىسەن»[١٢١]. بۇ گۈزەل ئەخلاقنىڭ نېسىۋىدارلىرى تەبىئىيكى ئۇنىڭ ئەھلى ئىدى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەيىزدار ۋاقتىمدا قەدەھتە سۇ ئىچسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئاغزىم تەگكەن يەردىن ئىچەتتى. مەن سۆڭەكلىك گۆشنى غاجاپ يىسەم، مېنىڭ ئاغزىم تەگكەن يەردىن غاجاپ يەيتتى.»[١٢٢]

## 18-پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھلىگە ناھايىتى ئەپۇچان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمما ئىشتا ئەپۇچان، مۇلايىم ئىدى. گەرچە قەستەن خاتالىق بولسىمۇ ئۆزرە قوبۇل قىلاتتى. خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشى دۈشمىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزرىگە يول قوياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقتىن كېيىن ئۆز ئەھلىدىن: يىگۈدەك بىر نېمە بارمۇ ؟ - دەپ سورايتتى. ئۇلار: يوق، - دېسە، ئۇ: ئۇنداقتا مەن روزىدارمەن، دەيتتى.[١٢٣] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قوپاللىق، قاتتىقلىق بىلەن ئەمەس، كەڭ قۇرساقلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ، ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلاتتى.

---

(1) سۈرە قەلەم 4-ئايەت.
(٢) سەھىھۇننەسائى.
(٣) نەسائىي رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

# خاتىمە

ئىسلامدىكى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇھەببەت، ئۆز-ئارا ئىھتىرام، رەھىمدىللىك، بىر-بىرىنىڭ قەدرىگە يېتىش ئۇستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەتتۇر. ئايال كىشى ئايال بولۇش سۈپىتى بىلەن ياخشى كۆرىلىدۇ ؛ بىر قىز بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاسرىلىپ، رەھىم قىلىنىدۇ ؛ ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىززەت-ئىكرام، ئىھتىرام قىلىنىدۇ. ئايال كىشى يېشى چوڭايغانسىرى ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتى ئۇسىدۇ ۋە تېخىمۇ ھۆرمەتكە لايىق بولىدۇ. ئىسلامدا ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق كېلىشەلمەسلىك مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى ئەر-ئايال بىر-بىرىنى تولۇقلاپ تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئەر كىشىنىڭ نۇقسانىنى ئايال كىشى ياپىدۇ، ئايال كىشىنىڭ نوقسانىنى ئەر كىشى ياپىدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتى ئايال كىشىگە ئۇنىڭ ئەقلىي، جىسمانى ۋە ھېسسىيات ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان شەرئىي ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلىگەن. ئەر كىشىگىمۇ ئۇنىڭ يارىتىلىشىغا ماس كېلىدىغان مەجبۇرىيەتلەرنى يۈكلىگەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان ھوقۇقلىرى بولىدۇ، ئىسلام بەلگىلىگەن بۇ ھوقۇقلار ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا مېھىر-مۇھەببەت، خاتىرجەملىك بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «اﷲ سىلەر (نىڭ ئۈنى - ئۆلپەت ئېلىشىڭلار) ئۈچۈن خوتۇنۇڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى. سىلەرگە تۈرلۈك شېرىن نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئۇلار باتىلغا (يەنى بۇتلارغا) ئىشىنىپ اﷲ نىڭ نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلامدۇ؟»(١٢٤)

يەنە شۇنداقلا، ئىسلام ئەر كىشىگە ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئايال كىشىگە ھالال قىلىپ بەردى ؛ ئايال كىشىگە ھارام قىلغان بەزى نەرسىلەرنى ئەر كىشىگە ھالال قىلىپ بەردى. چۈنكى ئەر بىلەن ئايال ئوخشىمايدىغان تەبىئەتتە يارىتىلغان، شۇڭا ئۇلارغا يۈكلىنىدىغان ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت قاتارلىقلارمۇ تەبىئىيلا ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە. ماشىنىنى مىسالغا ئالساق، دىزېل مېيىدا ماڭىدىغان ماشىنىغا بېنزىن قۇيغىلى بولمايدۇ ؛ بېنزىندا

(١) سۈرە نەھل 72-ئايەت.

ماڭىدىغان ماشىنىغا دېزىل مېيى ماس كەلمەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا.

مانا بۇ بىز ئۆلگىمىز ۋە يولباشچىمىز بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۆگەتكەن، ئۆز ئەھلىمىزگە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىمىز. ئۇ بىزگە ھەر بىر ياخشى مۇئامىلىنى ئەجىر بېرىلىدىغان ياخشى ئەمەل ؛ ھەر بىر ناچار مۇئامىلىنى گۇناھ يېزىلىدىغان يامان ئەمەل دەپ ئۆگىتىدۇ. بۇ ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەدبىقلىنىدىغان ئىسلام ئەخلاقى بولۇپ، قەغەز يۈزىدە نەزەرىيە پېتى قالىدىغان، تەدبىقلاش مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ياكى يازغۇچىسى تەدبىقلاشتىن ئەڭ يىراقتا بولغان نەزەرىيە ئەمەستۇر.

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، ئېيتىپ باققىن، دۇنيادا ئۆز ئەھلىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىنمۇ بەكرەك ئېسىل مۇئامىلە قىلىدىغان بىرەرسى بارمۇ ؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆلگىلىرىگە ئىقتىدا قىلىش، ئىسلام دىنى ئەر-ئاياللارغا بەلگىلەپ بەرگەن ھەق-ھوقۇقنى بىلمەسلىك، ئۇنىڭغا سەل قاراش سەۋەبىدىن يۈز بېرىۋاتقان ئائىلىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. چۈنكى بۇ ھەق-ھوقۇقنى ئادا قىلىش كىشىنى ئاللاھنىڭ رەھمەت-مەغپىرىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىتائەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇنىڭغا سەل قاراش ۋە ئۇنى ئادا قىلىشتا سۇسلۇق قىلىش جازاغا لايىق ئىسياندۇر.

بۈگۈنكى زاماندا، دۇنيادا، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان بارچە ئائىلىۋى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشمەسلىك، كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنماسلىق قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مانا بۇ بىزنى تاكامۇللۇققا ئاپىرىدىغان، پۈتكۈل كائىناتتىكى بارچە نەرسىگە ئېسىل مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئىسلام ئەخلاقىدۇر.

www.islamland.com




ISLAM LAND

GROW GOODNESS BY YOUR HAND

EXPLORE ISLAM IN ALL LANGUAGES

You Tube

WWW.ISLAMLAND.COM